# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

Xinjiang Cirizarion



3

1987



ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ مۇئەللىپى — مەھمۇد قەشقەرى (990 — 1080)
غازى ئەمەت سىزغان

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36 - يىل نەشرى

1987 - يىل 3 - سان (ئومۇمىي 166 - سان)


## بۇ سانىدا


### ئەدەبىيات گۈلزارى

ئەسكى چاپان ……………… (ھېكايە) ……………… مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن 2

جۇڭغار قەسىدىسى ……………… (شېئىر) ……………… ئارسلان 24

قېرىماس، ئۆلمەس ئادەملەر ……………… ( « » ) ……………… مۇھىددىن سايىت 43

تەشەككۈرنامە ……………… ( « » ) ……………… مۇھەممەدجان سادىق 43

### سەھنە ماتېرىياللىرى

پالۋان كەلدى ……………… (ناخشا تېكىستى) ……………… ماھمۇدجان ئىسلام 59

ئاي بىر جۇپ بوپ كۆرۈندى ……………… ( « » ) ……………… نۇرمۇھەممەد جەلىل 59

كەلگىن باھار قالغىچى ……………… ( « » ) ……………… ئابدۇللا سۇلايمان 59

ئالما ……………… ( « » ) ……………… ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر 59

### مىللەتلەر

دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ……………… نىخمەت مىڭجانى 60

### تارىختىن سۆز

جاھالەت پەردىلىرى شىنجاڭدا ……………… (تارىخىي ئوبزور) ……………… نىزامىددىن ھۈسەيىن 26

### دۇنياغا نەزەر

چېخوسلوۋاكىيىدە ئۆتكەن كۈنلەر ……………… مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت 45

### ئۆرپ - ئادەتلەر

ئۆزبېكلارنىڭ ئەنئەنىۋى بۆشۈك تويى ……………… سوفىيوپ 72

تويلىشىشتىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر ……………… 79

### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىدىن ……………… 40

### دوستانە بېرىش - كېلىشلەر

پاكىستان خەلقى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى …… زەينەپ نىياز 75

### خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

مۇھەببەت بېيىتلىرى ……………… توپلاپ رەتلىگۈچىلەر: تۇرسۇن زېرىدىن، نىيازنۇرى 80



مۇقاۋىدا: مەھمۇد قەشقەرى مازىرى. مۇھەممەد تۇرسۇن فوتوسى.

رەسسام: مۇختار ئابدۇراخمان، ئىسمائىل ئىبراھىم. مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەد







(ھېكايە)

مۇھەممەد ئېلى زۇنۇن

## 1

تاڭ ئالدىدا ياغقان ئۆتكۈنچى يامغۇر يۇيۇپ ئۆتكەن ياپپېشىل تال يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئاققان نۇر ئېقىنلىرى نۇرىمان ئانىنىڭ ئاق، سوزۇق چېھرىسىدە جىلۋىلەنمەكتىدى. قوش تۇۋرۇكلۇك پېشايۋان ئاستىدىكى كونا گىلەم سېلىنغان ئىخچامغىنە سۇپىدا تەنھا ئولتۇرغان ئاقباش ئانىنىڭ قولىدا قايچا، ئېتىكىدە پاختىلىق چەكمەن چاپان. چاپاننىڭ قولتۇقى بىلەن پەۋىزىگە قارىغاندىلا، ئۇنىڭ ئەسلىدە گىلرەڭ چەكمەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. چاپاننىڭ گەجگە تەرىپىدىن بىر سويام ئۇزۇنلۇقتىكى جايغا ئىككىلىك كەڭلىكتە گىلرەڭ چەكمەن ياماق، چەينەكلىرىگە جىگەررەڭ سىياگۈل ياماق سېلىنغان، ھەر ئىككىلا يېڭى تولىمۇ سىپتا ئۇچلانغانىدى. سەگەز ئەستىرىنىڭ دۈمبە تەرىپى سوزۇلگەن، قولتۇق ۋە ئارقا پەشلىرىگە كۆك، قارا ياماقلار سېلىنغان بۇ چاپاننىڭ ئىچ - تېشىدىن مەگچىلىك داغ، چەل تاپقىلى، سېرىق سۆگەت چىۋىقى بىلەن ئۇرۇپمۇ چاڭ چىقارغىلى بولمايتتى.

نۇرىمان ئانىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئۆمرى ئەسكى - تۈسكى لاتا - پىتىلەر بىلەن ماز تۇزانلىرى ئىچىدە ئۆتتى. بىر بىرىگە ياندىشىپ تۇرغان مەشھۇر «خانلىق مەدرىسە» بى-

لەن «قازان مەدرىسە»نىڭ يۈز - يۈز ئەللىك قەدەم شىمالىدىكى «ئامبارچى» دەپ ئاتالغان ئەگمە بوشلۇق بۇ ئانىنىڭ ھەپتىدە بىر كۈن تىجارەت قىلىدىغان جايى ئىدى. بۇ كونا مال-لار بازىرىغا ھەر بازار كۈنى تاڭ سەھەردىلا پەيدا بولاتتى - دە، پاختىلىق - پاختىسىز، ئەستەرلىك - ئەستەرسىز ئەسكى ئىشتان - چاپان، جىلىتكە، ئىشتان - پايپاق قاتارلىق-لارنى سېتىۋالاتتى. ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ، ئا-ۋايلاپ سۆكۈپ، ئېرىنمەي يۇيۇپ - تازىلاپ، تېشىنى بىر ياققا، ئەستەر - ئىچ ئەستەرلىرىنى بىر ياققا ئايرىپ قاتلايتتى. ماز - پاختىلى-رىنى ئاتتۇراتتى. بۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ما-شىنىچى، موزدوز چوپقەتلىرى ئۇدۇللۇق ئېلىپ كېتەتتى. بۇ ئىش - ئوقەت ئارقىلىق كېلى-دىغان ئازغىنا تاپاۋەت، بەش ۋاق ناماز بى-لەن ئوتتۇز كۈن روزىنى قازا قىلمايدىغان بۇ جاپاكەش ئانا تۇرمۇشىنىڭ ئۇلى ئىدى.

ئېتىكىدە چاپان، ئوڭ قولىدا ئانىسىغا تەل-مۈرگەن سۆڭگۈلاچ باچكىسىنىڭ ئاغزىدەك ئې-چىلغان قايچا، كۆزى چاپاندا، ئوي - خىيالى چاپان ئىگىسىدە.

ئەنە، چاچلىرى ئۇچىدەك ئاقارغان، قاش - كىرپىكلىرى تۆكۈلگەن، ھاسا تاياققا يۆلى-نىپ ئارانلا دەسسەپ تۇرۇۋاتقان دومچەك بىر موماي، قولتۇقىدا ئاق داكىدا ئورالغان تۈگۈن-چەك. يۈرەك بېغىشى قۇرت يېگەن چىشتەك لىڭشىپ قالغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇ موماي شۇنچە مىڭ - مىڭ ئادەملەر قايىنىمىنى قانداق يېرىپ چىققانلىغاندۇ؟ ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرى نۇرىمان ئانىغا تىكىلمەكتە، تەلمۈرمەكتە.

- كەلسىلە، ئانا، بۇ ياققا ئۆتسىلە. تىنىق-لىرى جايىغا چۈشۈۋالسۇن، بىر دەم ئولتۇر-سىلا. ھە، مانا بۇ چاپان ئۈستىدە.

نۇرىمان ئانىنىڭ يۆلىشى بىلەن يېڭىلا سې-لىنىۋېلىنغان ئەسكى چاپان ئۈستىدىن جاي ئال-غان موماي ھېلىقى بوقچىسىنى گويا ئارزۇ-لۇق نەۋرىسىنى قۇچاقلىۋالغاندەك كۆكسىگە تېڭىپ ئولتۇراتتى.

- ئانا، نېمە ئۇ؟

موماي گويا ئۆز ھاياتىدىكى بىردىنبىر مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش - ئاشكارىلىماس-لىق ھەققىدە جىددىي ئويلىنىۋاتقاندەك ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن زەئىپقىنا ئاۋاز چىقاردى:

- مەرھۇمنىڭ تەۋەررۇكى ئىدى، - ئۇ خۇد-دى ئارزۇلۇق نەۋرىسىنى يېشىندۈرگەندەك يەش-تى، بوقچىنى ئاچتى، - كۆرۈپ باقاملا؟ - مومايىنىڭ تىترەپ تۇرغان قول بى-لەن ئاچقىنى مۇشۇ چەكمەن چاپان، سۆزلىگىنى ماۋۇلار ئىدى:

- ئەسلىدە مەنمۇ شەھەرلىك، جانقورغانلىق ئىدىم. دەرۋازىمىز كۈن پېتىشقا، ئىشىك - دې-رىزىلىرىمىز كۈن چىقىشقا قاراپ تۇراتتى. ئىككى ئاغامچا بويى تۆۋەندە ياپيېشىل سۆگەت-لىك بۇلاق بېشى، قىشىن - ياز قايناپ تۇر-دىغان مارجان بۇلاق. ئاق قۇشقاچ، قارا قۇش-قاچ، شاخ سانغۇچلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، چەكمەن - چوتا، سەگەز - شاتاۋار سىلىقلىغۇ-چىلارنىڭ توقماق سادالىرى ئۈزۈلمەيتتى. ئىك-كى ئوغۇل، بىر قىزغا ئانا بولدۇم. ئوغۇللى-رىم دادىسى بىلەن بىللە تاقىچىلىق قىلاتتى، ھارۋا چاقلىرىغا تۆمۈر چەمبەر ياسايتتى. تې-نىمىز ساق، نېنىمىز پۈتۈن، خاتىرجەم ئىدۇق. ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، قىزىمىزنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇدا نېسىپ قىلسا، مەككە مۇنەۋۋەرىمىنى تاۋاپ قىلىپ كەلسەك دەپ يۈرەتتۇق. شۇ يېغىلىق، نەس «تۇڭگان يېغىلىقى!» ...

جانقورغان - يەتتە - سەككىز تەرەپتىن

كىرگىلى بولىدىغان كۆچۇم مەھەللە. ئۇنىڭ ھەر كوچىسى ئاغزىدا مۇستەھكەم دەرۋازىلىرى بار ئىدى. بىر كۈنى سۈبھى يورۇشتىن بۇرۇنلا كوچا دەرۋازىسىنى مۇشتلىغان، تەپكەن، ئالـلىقاندىق نېمىلەر بىلەن ئۇرغان سادا، قالايـمىقان چۇقان - سۈرەنلەر ئاڭلاندى. ۋارقىـراش - جارقىراشلارغا ئوق ئاۋازى قېتىلدى.

— بۇلاڭچىلار كەلدى!

— قاراقچىلار كەلدى!

ھەممە ئېغىزدىن چىقىۋاتقىنى شۇ گەپ. پۈ-تۈن كوچا تار جىلغىدا قاراقچىغا يولۇققان كارۋان توپىدەك ئەنسىزچىلىك ئىچىدە. بىزمۇ گاڭگىراپ قالدۇق. پۈت - قوللىرىمىزدا جان قالمىدى. ھەممىمىز تەڭ دەيتتۇق:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، — دېدى دىسى ئىككى ئاغامچىنى مەھكەم ئۇلاپ، — جان بولسا جاھان، ئۆي، مال - مۈلۈككە قارىماڭلار. ئوغلۇم، تۇت ئاغامچىنى! چۈش، ياردىن چۈش! — ئۇ ئاغامچىنىڭ پېشايۋان تۈۋرۈكىگە باغلانغان ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، تارتىشماققا چۈشكەندەكمۇ قاتتىقراق تىرەجەپ تۇراتتى، — بالام، يەرگە دەسسىدىڭمۇ؟ ھەب-بەللى، قىزىم ئەمدى سەن چۈش، چىڭ تۇت، قورقما!...

چۈشۈپ بولغان ئوغۇل - قىزلىرىمىز بىزگە قاراپ تەقەززالىق بىلەن ندا قىلماقتىدى:

— ئانا، تېزرەك!

— دادا!...

كوچىمىزدا داد - پەرياد كۆتۈرۈلدى:

«ئوت قويدى!...»

«دەرۋازىغا ئوت قويدى!...»

ئاچچىق ئىس - تۈتەن جانقورغان ئاسمىنىدىكى تۇمانلارنى قويۇقلاشتۇرماقتا، دىماغ-لارنى ئېچىشتۇرماقتىدى.

— چۈشۈڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى دادى-سى، — ماڭا قارىماڭلار، ھە، چىڭ تۇتۇڭلار، قورقماڭلار!

بىر غېرىچ - بىر سويامدىن تۆۋەنلەپ چۈ-شۈپ كېتىۋاتاتتىم. يار تۈۋىدىكى باللىرىم «ئانا، تېزرەك - تېزرەك!» دەپ ئالدىراتسا، دادىسى يۇقىرىدا تۇرۇپ ۋارقىرايتتى:

— قورقماڭلار، قولۇڭلارنى چوڭراق يۆت-كەڭلار!

— ئانا، قورقما، ئاز قالدى، مۇرەمگە دەس-سە! — دەپ ئالدىراتماقتىدى ئاكىسىنىڭ مۇر-سىگە دەسسەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن ئوغلۇم. ئىككى پۇتۇم ئۇنىڭ مۇرىسىگە تېگىش بىلەن تەڭ دەرۋازىمىزنىڭ قاتتىق تېپىلگەن، ئۇرۇلغان، ئاخىرى جالاقلاپ ئېچىلغانلىقى ئايان بولدى. بېسىپ كىرگەن بۇلاڭچىلارنىڭ غەلىتە كالدىر-لاشلىرىنى ۋە دادىسىنىڭ قەھرى - غەزەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق:

— ھە كېلە، كېلىشە ئىمانسىز قاراقچىلار!

قىزىم مېنى قولتۇقۇمدىن يۆلەپ يەرگە ئال-غان پەيتتە «ئەييا!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى. شۇنداق قارىساق، بىر چىرىك تىك موللاق ئېتىپ چۈشۈۋاتامدۇ!

— قېچىڭلار!... سۆڭگۈچ بىلەن قېچىڭلار!...

بۇ دادىسى رەھىمەتلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئاۋازى بولۇپ قالدى. ھەسرەتلىك ئاھ - پەر-يادىمىزنى، قانلىق كۆز يېشىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتەكتىن باشقا ئامالىمىز يوق ئىدى. يېغى-ۋاتقان ئوق يامغۇرى ئاستىدا بىز ئۆزىمىزنى سېپىل ئاستىدىكى سۆڭگۈچكە ئاتتۇق...

موماينىڭ دېمى سىقىلدى، جىم بولدى. قې-يانلىق ياش دەرياسى ئۇنىڭ زەئىپ ۋۇجۇدىدا، تومۇر - تومۇرلىرىدا ئېقىۋاتاتتى. يۈز - كۆزلىرىدىكى تەر مونچاقلىرىنى ئاق داكا رو-مىلى بىلەن سۈرتتى، شۇ رومال ئۇچى بىلەن يۈزىنى يەلپىدى.

— مۇشۇ يەر، — دەپ كۆرسەتتى چەكسىز

قايغۇ - ئازابلىق ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ، — مۇشۇ يەرگە قىلىچ تەگكەندەك، — ئۇنىڭ كۆرسەتكىنى بۇ چاپاننىڭ ئىككىلا يامىقى سېلىنغان گەجگە تەرىپى ئىدى.

— بۇ ئۆي ماڭا دوزاق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى، — قانلىق سەرگۈزەشتىلىرىنى داۋاملاشتۇردى موماي، — ئېلىشىڭغا سېتىپ، ئانا يۇرتۇمغا كەتتىم. ئوغۇللىرىمنى ئۆيلۈك - ئوچاقلىق، قىزىمنى ياتلىق قىلدىم. ئۇنىڭ نەۋرە كۆردۈم. قىزىم پولات - تۆمۈر تاۋلاش ۋاقتىدا تاغدا قازاغا ئۇچرىدى. چوڭ ئوغلۇم داچەيىنى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ كېتىپ يولدا تۈگىدى. كىچىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋرىدە غايىب ئوق زەربىسىدە جان ئۈزدى. ھازىر تۆت ئوغۇل نەۋرەم بار. بەش- ئالتە يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ ھال - كۈنى ئاسمان - زېمىن پەرق ئېتىپ قالدى. بۇ چاپاننى كۆزگە ئىلغىدەك ئەمەس. كېلىنلىرىم «بۇنى يېپىنىپ يېتىۋېرىپ، خەلقى- ئالەم ئالدىدا يۈزىمىزنى چۈشۈرمىسىلە» دەيدۇ. نەۋرىلىرىم «بۇ نەرسەڭنى ئەمدى تاشلىۋەت» دەپ قىستايدۇ. بېشىمغا قويۇپ ياتاي دېسەممۇ ئۇنىمايدۇ. چاڭ - توزانلىرىنى كىرپىكىم بىلەن سۈپۈرۈپ، چەللىرىنى كۆز يېشىم بىلەن يۇيۇپ - تازىلاپ كېلىۋاتقانلىقىمنى بىر خۇدا بىلىدۇ، بىر ئۆزۈم. بىر دەم بالىخانىدىكى ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن تاپىمەن، بىردەم چەللە - بىدىش ئۈستىدىن. بىرسى تېخى يېڭى تۇغۇلغان موزاينىڭ ئۈستىگە يېپىپ قويۇپتۇ!... بالىلىرىم، بۇ چاپاندىن مەرھۇم بوۋاڭلارنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ، موماڭلارنىڭ قېشىغا ئەزرائىلنى يېقىن يولاتمايۋاتقان مۇشۇ پۇراق دەپ ئېيتقىلى بولمىسا؛ ئۇنى يېپىنىپ ياتسام، ئۆزەمنى ئۇنىڭ قوينىدا ياتقاندەك سېزىمەن دېگىلى تېخىمۇ بولمىسا!... بېشىدىن ئىسسىق- سوغۇق ئۆتمىگەن نادان نېمىلەر - دە... ئالتە كۈنلۈكۈم قالدى، تىنىقىم توختىغان ھامان مەرھۇمنىڭ بۇ تەۋەررۈكى خارلىنىپ قالمىدىغاندەك تۇرىدۇ. قەدىرىگە يەتكىدەك ئادەم چىقىپ قالسا، بېرىۋېتەي دېگەنىدىم، تېپىلمىدى. قاراسام، چېھرى نۇرلۇق، مېھرى ئىسسىق، بەش ۋاخ نامازنى تەرك ئەتمەيدىغان پەجۋاق خوتۇندەك تۇرىدىكەنلا، كۆڭلۈم چۈشۈپ قالدى. بۇنى ئۆزلىرىگە بېرىۋەتكۈم كەلدى. ئىشلەتسىلىمۇ، قەدىرىگە يەتكىدەك بىر كىشىگە بېرىۋەتسىلىمۇ مەيلى ...

مومايىنىڭ قانلىق سەرگۈزەشتىسى تۈپەيلىدىن قوزغالغان شىددەتلىك خىيال بورانلىرى ھىجران - جۇدالىق، داغى پەرزەندلىك ئوتىدا كۆيۈپ ئۆرتەنگەن بىچارە نۇرىمان ئانىنى ئەشۇ پاجىئەلىك يىللار قوينىغا ئۇچۇرۇپ كەتتى...

## 2

قاتمۇ قات تاغدەك ئېغىر قارا بۇلۇتلار ئاستىدا مۆكچەيگەن ھېيتگاھ مۇنارىسى دەردىگە داۋا، رەنجىگە شىپا تىلەپ ئۆز ئوغۇللىرىغا ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئىمجان مويسىپىتنى ئەسلەتتى. باش ئۈستىدە سېمىزلىكىدىن پەيلىرى پارقىراپ كەتكەن قارا قاغا - ئالا قاغىلار، ئاستىدا قان ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان تۇپراقتا بەھۇزۇر ئېغىناپ ياتقان لالما ئىتلار ... ئاھ، بۇ شۇنداق سەھەر ئىدى، ئاسمان- زېمىن ماتەم - مۇسىبەت ئاھ - زارىغا چۆمۈلگەن پىغانلىق سەھەر ئىدى!

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىنلا ئاتا - بالا ئىككى قاساپ داتلىشىپ قېلىشقا باشلىغان پىچاق-پالتىلىرىنى بىلىگەچ ئاچچىقىنى تۆكۈشمەكتىدى:

— ئەجەبمۇ قۇرۇمدى بۇ نەس يېغىلىق!

— نەگىلا قارىسا، غېرىب - مىسكىن، يېتىم- يېتىمەلەر، مەجرۇھ - مېيىپلار، ئىگىسىز مېيىتلار!...

نۇرىمان ئانا ئون - ئون ئىككى ياشلىق ئىككى قىزىنىڭ ئېغىز - بۇرۇنلىرىغا ياغلىقارا چېپىۋاتاتتى. شاپتۇل مېغىزىنى قوي يېغى

بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان قاپقارا مەلھەم چىرايلىق قىز - چوكانلارنىڭ گۈزەل جامالىنى جاراھەت - چاقا بېسىپ كەتكەندەك ھالەتكە كەلتۈرۈپ، بىنومۇس چېرىكلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قېلىش خەۋپىدىن ساقلاپ قېلىش رولىنى ئۆتەپمۇ قالاتتى.

دەرۋازا ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇلدى، تېپىلدى:

— ئاچ! ئىشىكنى ئاچ!

بۇ بالايى-ئاپەتنىڭ بېشارىتى، ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى ئىدى. پۈتۈن ئائىلە تەشۋىشكە چۈشتى:

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟

— خۇدا بەرگەن جاننى خۇدا ئالىدۇ، — دېدى قاساپ ئۇستام چۆيۈندەك قېتىپ.

— تەلەيمۇ بار، سەۋەبمۇ بار ئەمەسمۇ!

— ئانام راست ئېيتىدۇ، — دېدى ئوغلى، — بۇ ئالەم — سەۋەب ئالىمى دەيتتىڭغۇ ئۆزۈڭ؟

— بالام، — قاساپ ئۇستام خىتاب قىلدى، — دەتالاش بىھاجەت، سىڭلىڭنى ئال، ئۆگزە بىلەن قاچ!

يىگىت چوڭ سىڭلىسىنى قولتۇقلىغانچە، تاختا شوتىدىن تاراقلاپ چىقىپ كەتتى. جاللاتلىقى ئەلپازىدىنلا ئايان بولۇپ تۇرغان ئىككى چېرىك ھەيۋە بىلەن بېسىپ كىردى:

— قىمىرلاشما!

ئەر - خوتۇن بىلەن كىچىك قىز شىتىكلىق مىلتىق قورشاۋى ئاستىدا قالدى.

— ئالتۇن بارمۇ - ئالتۇن؟!

— ئاختۇرۇۋېلىشسىلا، ئالدىنقى كۈنى كىرگەنلەر ھەممە يەرنى ئۈكتەي - تۈكتەي قىلىپ...

— تولا ۋالاقلىما! — قانلىق شىتىكنى كۆكرەككە توغرىلىدى بىرىنچىسى، — جانغا تۇرامسەن - مالغىمۇ؟!

— خۇدا ھەققى، — كېسىپ ئېيتتى ئۇستام، — بىر مىسقال ئالتۇن، بىر سەر كۈمۈش چىقىپ قالىدىغانلا بولسا، جېنىمىز ئالقانلىرىدا!

ئۆي-ھويلىدىكى تىنىدۇرۇلمىغان ئورەك - ئازگاللارغا يېڭىباشتىن نەزەر سالغان چېرىك:

— بوپتۇ، ئالتۇن بولمىسا، گۆھەر بار ئىكەن، — دېدى - دە، قىزنىڭ كەجگىسىگە چاڭگال سالدى.

— خوجام، قىزىمىز كىچىك، كېسەل ...

— قارا سۈرتۈپ قويغىنىنى تېخى! ئۆت، جادۇگەر! — جاللات جان - جەھلى بىلەن تەپتى. «ۋايجان!» دەپ يىقىلغان نۇرىدان ئانا چوڭقۇر ئورەككە قاپلىشىپ قالدى. بىنومۇس چېرىك يىرتقۇچ قارا قۇشنى، قىز ئۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن يۇمران باچكىنى ئەسلىتەتتى. يۇمران باچكا تىپىرلايتتى، نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان بىچارە ئاتا - ئانىسىغا تەلمۈرۈپ نالە قىلاتتى. قارا قۇشنىڭ تۆمۈر تىرناقلىرى ئۇنىڭ مەسۇم قەلبىنى داغ، ئىنسانىي غۇرۇرىنى نابۇت قىلىش خەۋپى ئاستىدا تۇراتتى.

— ماڭ ئۆگزىگە قاراپ باق، — دېدى ئۆز ھەمراھىنىڭ بۇ ئولجىغا تەڭ شېرىك بولۇپ قېلىشىدىن قىزغانغان چېرىك، — بىرسى چىقىپ كەتكەندەك قىلىۋېدى، ساڭمۇ بىر ئولجا ئۇچراپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئىككىنچى چېرىك ئۆچەيلىك نەزەر بىلەن بىر قاراپ قويۇپ، تاختا شوتا تەرەپكە يۈزلەندى. بىرىنچى چېرىك نارسىدە قىزنى ئۆيگە سۆرەيتتى، قىز تىرەجەيتتى، نالە قىلاتتى:

— دادا! ... ئانا! ... جېنىم ئانا!

ئەرلىك غۇرۇرى، ئاتىلىق مۇھەببىتى ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غالىب كەلدى، پۈتۈن ۋۇجۇدى قەھرى - غەزەپ يالقۇنىغا ئايلانغان ئاتا بىلەپ تاشنى يازار ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئۆتكۈر خەنجەرنى قولىغا ئالدى. قىساس خەنجىرى مەلئۇننىڭ قوۋۇرغىسىنى

تېشىپ ئۆتۈپ يۈرىكىدە توختىدى. «ئانا!» دېگەن خىرقىراق ئاۋازدىن چۆچۈپ ئارقىغا قارىغان يەنە بىر قاراقچى تاختا شوتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋاخىنىسىدا تۇرۇپ تەلۋىلەرچە ئوق ياغدۇردى. قاساپ يىقىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزمۇ يىقىلدى. ئارقىدىنلا ھېلىقى مەلئۇنمۇ قاۋاندەك بىر چىرقىراپ، دومىلاپ چۈشتى. جاللاتنىڭ ئىپلاس قېنى بىلەن بولغانغان ئايپالتىنى كۆتۈرگەن قەھرىمان يىگىت تاختا شوتا ئۈستىدىن ئۆزىنى ئاتماقتىدى:

— دادا!... سىڭلىم!...

قىساسكار يىگىت قەھرىمان پىدائىيلار قوشۇنىغا كىرىپ كەتتى. كۈن – تۈنلەر ئۈمىد ۋە خۇشاللىق، تەشۋىش ۋە ئازاب ئىچىدە ئۆتمەكتىدى. ھەقىقىي ئەرگە لايىق سۈپەت، ۋىجدانلىق ئاتىغا مۇناسىپ پەزىلىتى بىلەن شەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يەتكەن ئارسلان يۈرەك ئېرىدىن، تۇغما پاكلىقى بويىچە ئالەمدىن ئۆتۈپ، جەننەت ھۆرلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالغان كەنجى قىزىدىن رازى – رىزا بولۇپ يۈرگەن نۇرەمان ئانا ئەمدى شۇنداق بىر يىگىتنى تۇغۇپ، چوڭ قىلىپ، مەردانىلەر سېپىگە قوشقانلىقى بىلەن خۇشاللىناتتى، ئىپتىخارلىناتتى. قىزچاقمۇ ئۆز ئاكىسى بىلەن ماختىناتتى، پەخىرلىنەتتى. غەلىبە خەۋىرى قايسى جەڭ مەيدانىدىن كەلسە، ئوخشاشلا خۇرسەن بولاتتى، سۆيۈنەتتى.

— ئاھ، سىجاڭ! — دەپ نالە – پەرياد ئەيلىدى دەھشەتلىك شۇم خەۋەر ئاڭلىغان ئانا، — قەشقەرلىقنىڭ يار – يۆلىكى سىجاڭ، ھاياتلىق تۈۋرۈكى سىجاڭ، ئەزىز بېشىڭنى تەندىن جۇدا قىلغان قانداق ياۋۇز جاللاتتۇ؟ قاۋان ئېتىپ چوڭ بولغان قارا يۈرەك مەلئۇنمىدۇ!؟

— ئانا، ئاكام نېمە بولغاندۇ!

ئانا ئەمدى تۆمۈر سىجاڭ قوشۇنىدا تۇرۇۋاتقان يېگانە ئوغلىنىڭ تەقدىرىدىن تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى:

— بالام، غوجام بالام، كۆيۈملۈك ئاتاڭ بىلەن مېھرىبان سىڭلىڭنىڭ قان قىساسىنى ئېلىشقا بەل باغلىغانىدىڭ، جاللاتلار قىلىچى ئاستىدا جان بەرگەن ھەددى – ھېسابسىز قانقېرىنداشلىرىڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىشقا بەل باغلىغانىدىڭ، ئالىدىغانلىرىڭ تېخى ئالدىڭدا ئىدى. بېشىڭغا نېمە قىسمەتلەر چۈشكەندۇ؟ تىنىقىڭ جايىدىمىدۇ؟ بىر جۈپ كۆزۈڭ مۆلدۈرلەپ تۇرۇۋاتقانمىدۇ؟...

قاپقاراڭغۇ كېچە. قەدىمىي شەھەر قايغۇ – مۇسىبەت، دىشۋارچىلىق ئىچىدە ئېغىر تىنماقتا. نۇرەمان ئانىمۇ ئاچ، ئۇيقۇسىز. كۆزلىرىدە نەم دىدارى قالمىغىچە يىغلىغان بۇ ئانا، دەرمانى ئۈزۈلگىچە ئىلتىجا قىلماقتا: «پاختا ئىچىدە چوغ ساقلىغۇچى خۇدا، ئۆز يولۇڭدا جەڭگە كىرگەن پالۋان يىگىتلىرىمىزگە تىنچ – ئامانلىق، نۇر – نۇسرەت ئاتا قىلغايسەن!...»

«گۈپ!» قىلغان سادا بىلەن تەڭ پۈتۈن تام – تورۇس لىغىرلاپ كەتتى. ئانا بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىمۇ جىغىلداپ كەتتى: سىرەج تامدىن سەكرەپ ئۆگزىمىزگە چۈشكەن كىمدۇ؟! ئانا بىلەن قىز بىر بىرىنى چىڭ قۇچاقلاشتى. تىنىقلىرى توختاپ قالغىدەك ھالغا چۈشتى.

«گۈپ!» — ئۆي – ھويلا ئوتتۇرىسىدا سىلكىنىش – تەۋرەش ھاسىل قىلغان بۇ سادا بىر كىمنىڭ ئۆگزىدىن ھويلىغا سەكرىگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

— ئانا! — قاتتىق ئېھتىيات بىلەن تۆۋەن ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ ھاياجانلىق ئاۋاز ئېغىر تەشۋىش ئىسكەنجىسىدىكى ئانا بىلەن قىزنىڭ يۈرىكىنى زىلزىلىگە سالدى:

— بالام، جېنىم بالام!

— ئاكا!...

— تولىمۇ ئىنتىزار قىلدىڭ، بالام، — ئانا جىن چىراقنى يېقىنلاشتۇردى. چىراق شولىسى يىگىت ھۆسنىنى تاڭ شەپىقىدەك قىزارتتى. ئانا بۇ نۇرلۇق ھۆسنگە تەشنالىق بىلەن تەلمۈرەتتى.

— جېنىم ئانا، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى يىگىت، — ۋەھشى، مۇغەمبەر دۈشمەنلەر قىرغىز قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزغا بۆلگۈنچىلىك سالدى. شۇ كاۋاكتىن پايدىلىنىپ، باھادىر سەركەردىمىز تۆمۈر سىجاڭنىڭ كاللىسىنى ئالدى! قانلىق قىلىچ ئۈستىمىزدە ئايلانماقتا. جىم تۇرساق بېشىمىزنى ئۈزىدۇ، تۈگۈلۈۋالساق يۈلۈنىمىزنى!

— نېمە قىلاي دەيسەن، ئوغلۇم؟ — تەقەززالىق بىلەن تىكىلدى ئانا.

— جان تىكىپ ئېلىشماقچىمىز، ھاجى ئاتىمىز① يېتىپ كەلگىچە بەرداشلىق بەرمەكچىمىز!

— ھاجى ئاتىمىز كېلەرمۇ، بالام؟

— كېلىدۇ، جەزمەن يېتىپ كېلىدۇ، ئانا! بۇ قاراقچىلارنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ. ئەلگە ئامانلىق، يۇرتقا خاتىرجەملىك ئاتا قىلىدۇ!

— سىلەر خېلى كۆپمۇ، بالام؟

— خاتىرجەم بول، ئانا، بىردىمىز ئونغا تېتىيمىز، يۈزىمىز مىڭغا!

— خۇدا سىلەرگە مەدەتكار بولغاي.

— ئىجازەت بەرگىن، جېنىم ئانا، دەرھال ئاتلىناي.

— ئالدىرىما، ئوغلۇم، ئۆز قولۇمچە بىر چەينەك چاي دەملەپ بېرەي، قازان نېنى سېلىپ بېرەي.

— ئوبدان ئانا، سەپداشلىرىم يولۇمغىلا قاراپ قالغان.

— كەل، دىدارىڭغا قېنىۋالاي، باغرىمغا تېڭىۋالاي!... ماقۇل، ئەمدى ئىجازەت بېرەي: ئىمانىڭغا سادىق بول، سەپداشلىرىڭغا سادىق بول، نامەرد قاچقۇن بولما!

— ئالدىڭدا قەسەمىيات قىلاي، جېنىم ئانا!

— ئۆمۈر بويى سەن بىلەن ماختىنايلى، ئاكا.

— خاتىرجەم بول، سىڭلىم، سىلەرنىڭ شەنىڭلەرگە، ئەجدادىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەيمەن!

— قانداق كېتىسەن، بالام؟

— يەنە ئۆگزە بىلەن.

— دۇرۇس، بىلگەن كىشى ئۆگزە بىلەن پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ، ئىسسىت، شوتىمىزنى بۆلاپ كەتمىگەن بولسىمۇ...

— غەم قىلما، ئانا. مانا بۇ تۈۋرۈك تۇرمامدۇ؟ قارىغىنا، ئانا! — ئۇ، چەبدەسلىك بىلەن پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ياماشتى، ئۆگزىگە چىقتى.

— يامانلىقىڭنى قارا! — ئانا سۆيۈندى، زوقلاندى. چىرايىدا مەمنۇنلۇق، ئىپتىخارلىق كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

يىگىت قايرىلدى، سىرەج تامدىن سەكرىدى. ئانا بىلەن قىز يېڭىباشتىن قۇچاقلاشتى:

— ئانا!

— جېنىم قىزىم!...

ياۋۇز دۈشمەنلەر بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان قەھرىمان خەلق پىدائىيلىرى قەشقەر خەلقىنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزى، نىجاد يۇلتۇزى ئىدى. ئۇلار خەلق سەركەردىسى تۆمۈر ئېلىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىش بىلەن تەڭ چاھانغا پاتماي قالغان مەلئۇنلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇرماقتا، ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلماقتىدى. خۇشخەۋەرلەر ئەڭ ئىچكىرى كوچىلارغىچە تارقىلىپ تۇراتتى:

— پىدائىيلىرىمىز كېچىچە جەڭ قىلىپ، بىرەر يۈز چىرىكنى جەھەننەمگە ئۇزىتىپتۇ!

---

① خوجانىياز ھاجىم.

— كۆزەردىكى پاتقاق ئىچىدە ئون نەچچە چىرىك پاتقىدەك، بولمىغان تەڭگىلەرنى ئاغزى-بۇرنىدىن پاندۇرۇۋاتقىدەك.

— قورشاپ ھۇجۇم قىلغان چىرىكلەرنىڭ بىرىنىمۇ ئامان قويماپتۇ!

— پىيدائىيلىرىمىز سېپىلنى ئىگىلەپتۇ، سىبۇ ①نى ئىسكەنجىگە ئاپتۇ!

— پىدائىي قەھرىمانلىرىمىزغا ئاپىرىن!

— ئاپىرىن پىدائىي قەھرىمانلىرىمىزغا!...

قەشقەر كوچىلىرى چىلان دەرىخىنىڭ يىلتىزىدەك ھەر تەرەپكە سوزۇلغان ۋە بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن. بۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئادەملەرنىڭمۇ بەزى كوچىلاردا ئېزىپ قالمايدىغىنى ئاز. خەلق پىدائىيلىرى خەلقنىڭ قىساس ئېلىش ئىرادىسىگە كۈچلۈك ئىلھام بەرگەنلىكتىن ھەر بىر كوچا بىر ئاكوپقا ئايلانغانىدى. دۈشمەنلەر بېسىپ كىرگەن ھامان سىرەج تاملار ئۆرۈلەتتى، تاش-كېسەكلەر ياغاتتى، قايناق سۇ، چۆچۈتۈلگەن ياغلار چېچىلاتتى. ھەر قايسى كوچا، ئائىلىلەردىكى سۇسىز قۇدۇقلار، ئەخلەت ئازگاللىرى دۈشمەن ئۆلۈكلىرى بىلەن تولماقتا، قورال خەلق قولىغا ئۆتمەكتىدى.

دۈشمەنلەر تۇساتتىنلا ياۋاشلىشىپ كەتتى. قىرغىنچىلىق، بۇلاڭچىلىقنى ئۇشتۇمتۇت توختاتتى. شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىۋەتتى. «ئەل ئامان، يۇرت ئامان» دېگەن چاقا ئاستىدا دۇكانلار ئېچىلىشقا، ئىش-ئوقەت ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ھەر جۈمە كۈنى سەپ-سەپ بولۇپ تىزىلغان نەچچە يۈز چېرىك ھېيتگاھ جامەسىدە ناماز ئوقۇيدىغان بولدى. جامە ئىچىگە قاتار-قاتار داشقازانلار ئېسىلىپ، ئۆلگەنلەرگە نەزىر-چىراق قىلىندى، پاتىھە ئوقۇلدى. مەسچىت، خانىقا، جامەلەردە زارا-خەتمە، مەۋلۇد شېرىپ، قۇرئان تىلاۋەتلەر باشلىنىپ كەتتى. دىن، قېرىنداشلىق تەشۋىقاتى ھەممە يەرنى قاپلىماقتىدى. بۇ جىمجىتلىقنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىدىغانلىقى ۋە بۇنىڭ تېگىدە نېمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى.

بىر قىسىم ئاچ كۆز، تاماگەر داموللا، مۇتەئەسسىپ ئىشان-سوپىلار، مال-دۇنيا، نام-شۆھرەتكە ھېرىسمەن بايلار تۆمۈر سىجاڭغا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچ ئىدى. ئۇلار «توقسۇنلۇق بىر ھارۋىكەش پادىشاھ بولۇۋالدى» دەپ پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ يۈرەتتى. «ئۆرپ-ئادىتىمىزنى بۇزۇۋەتتى، قائىدە-يوسۇنىمىزنى ئۆزگەرتىۋەتتى، ياشلارنى يولدىن چىقىرىۋەتتى» دەپ ئېزىتقۇلۇق قىلاتتى. خۇدانىڭ مۇقەددەس كالامى بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇبارەك ھەدىسلىرى ئىچىگە يۇرتۋازلىق، مىللىي بۆلگۈنچىلىك زەھەرلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەپسىر قىلاتتى. ساتقىنلىق، مۇناپىقلىق ئۇغىسى بۇزۇلداپ تۇرغان بەدبۇي كالىبىسىنى گۇمبەزدەك سەللە ئىچىگە يوشۇرغان بەزى مەلئۇنلار كېچىلىرى يېڭىشەھەر سېپىلى ئىچىدىكى خوجايىنلىرىنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلىسە، كۈندۈزلىرى قۇتبىغا چىقىپ، ئەمرى-مەرۇپ قىلاتتى. تۆمۈر سىجاڭ قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىن تېخىمۇ زۇۋانداراز، پائالىيەتچان بولۇپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇلار ماشاۋۇ-ماخۇسەن جاللاتلىرىنىڭ ئەڭ ئۇستا گىرىمچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. ئىككى قولى قىپقىزىل قانغا بويالغان بۇ جاللاتلارنى «ئىسلامىيەتنىڭ نىجادچىسى، خەلقنىڭ شەپقەتچىسى» قىلىپ گىرىملەۋاتاتتى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «پىدائىيلار ئەل بولغانمىش» دېگەن شۇم خەۋەر تارقالدى. خەلقنىڭ يۈرىكىنى ئەزگەن، جېنىنى سىرقىراتقان بۇ دەھشەتلىك خەۋەر نۇرىمان ئانىنى دەرمانسىزلاندۇرغانىدى.

① دېۋىزىيە شتابى

— ئاھ! نېمە گەپتۇ بۇ؟ راستىمدۇ؟ قاپقانغا چۈشۈپ قالغان بولمىسۇن يەنە. يۈرگىنە قىزىم!...

راست ئۇلار ئالدانغان، قاپقانغا چۈشكەنىدى! زوراۋانلىق كۈچ بىلەن بويسۇندۇرۇشقا كۆزى يەتمىگەن ھىيلىگەر دۈشمەنلەر سۈلھىسى ئالدامچىلىقىغا كىرىشكەنىدى. ئۇلار ھېلىقى پەرىشتە - ئەۋلىيا قىياپەتلىك شەيتانلارنى «تىنچلىق ئەلچىلىرى» قىلىپ ئەۋەتتى، ھال سوراش سوۋغىلىرى ئىنئام قىلدى. «چېقىلماسلىق، ھايات بىخەتەرلىكىگە دەخلى - تەرۇز قىلماسلىق، ئۆز ئىش - ئوقىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بېرىش» قاتارلىقلارنى ۋەدە قىلدى. پىدائىيلار ئىچىدە 1912 - يىلدىكى قۇمۇل خەلق قوزغىلىڭىغا قاتناشقان مەرھۇم ئىنقىلابچىلارنىڭ پەرزەنتلىرى - تۆمۈر خەلىپە پاجىئەسى گۇۋاھچىلىرىنىڭ ھەقدارلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆز سەپداشلىرىنى ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ سالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئالدامچىلىقتىن ھېچقانداق نەتىجە ھاسىل قىلالمىغان دۈشمەنلەر ئاخىرى «تىنچلىق، خاتىرجەملىك» نەيرىڭىنى ئىشقا سالدى. قىرغىنچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭنىڭ توختىتىلىشى، شەھەر دەرۋازىلىرىنىڭ ئېچىۋېتىلىشى، ئىش - ئوقەتنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشى ۋە دىن، قېرىنداشلىق تەشۋىقاتلىرى خەلقنى بىخوتلاشتۇرۇش، غەپلەتتە قالدۇرۇش رولىنى ئوينىماقتىدى. بۇ ھال جەڭگىۋار خەلق پىدائىيلىرى سېپىگىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. بەزى ئاتا - ئانىلار كېچىلىرى خۇپىيانە كېلىپ ياكى خەت ئەۋەتىپ، ئۆز ئوغۇللىرىنى بۇ سەپتىن چېكىنىشكە دەۋەت قىلدى. بەزىلەر «قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ، ئۆتكەنگە سالاۋات» دېسە، بەزىلەر تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

«ئۆتكەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھېلىقى ھارۋىكەشنىڭ كاساپىتىدىن بولغانىكەن، ئەمدى بىلسەك، ماسىلىڭمۇ دىن قېرىندىشىمىز ئىكەن، ئىسلامىيەت ئىشلىرىغا كۆيۈنىدىغان ئادالەتپەرۋەر زات ئىكەن. ئەلگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك ئاتا قىلدى، يېقىلىقتا بۇزۇلغان مەسچىت، خانىقالىرىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىشىمىز ئۈچۈن يېتەرلىك ئالتۇن - كۈمۈش ئىنئام قىلدى. ئوغلۇم، قورالنى تاشلاپ، تىنچىقىنا ئىش - ئوقىتىڭنى قىلغىن.»

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىر سەھىرىدە پۈتۈن شەھەرگە مۇنداق پەرمان جاكالاندى:

«بۈگۈن ئالاھىدە تەشكىللەنگەن پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچىلەر ئۆمىكى پىدائىي يىگىتلەر ئالدىغا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق سۆھبەتكە بارىدۇ. قورال تاشلىغان پىدائىيلارنىڭ ھەر قانداق ئارزۇ - تەلەپلىرى قانائەتلەندۈرۈلىدۇ. پىدائىي يىگىتلەرنىڭ ئىختىيارىي قىلغان ئاتا - ئانا، قەۋم - قېرىنداشلىرىنىڭ بىللە بېرىشى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى نەسىھەت بىلەن قايتۇرۇپ كېلىشى قارشى ئېلىنىدۇ.»

ماشاۋۇ - ماخۇسەنلەر تەرىپىدىن ئىسمى بېكىتىلگەن ئۈچ نەپەر «مەشھۇر دىنىي زات» باشچىلىقىدىكى 30 كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكى يولغا چىقتى. باشتىن - ئاياغ ئاق كېپەنگە ئورالغان بۇ 30 نەپەر تىرىك مېيىتنىڭ كۆرۈنۈشى كىشىلەر كۆڭلىگە قىيامەت تەشۋىشى سالاتتى. تىرىك مېيىتلەر قوشۇنىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى كىشى جىگەررەڭ كۆن مۇقاۋىلىق غايەت چوڭ قۇرئاننى باشتىن ئېگىز كۆتۈرگەن. يەنە ئىككى كىشى ئاق دۇخاۋا لەۋھە كۆتۈرگەن بولۇپ، لەۋھەنىڭ يۇقىرى تەرىپىگە «لائىلاھە ئىللاللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن خەت ئالتۇنرەڭ مەشۇت بىلەن، تۆۋەن تەرىپىگە «ئېگىلگەن باشنى قىلىچ كەسمەپتۇ» دېگەن خەت قىزىل مەشۇت بىلەن كەشتىلەنگەنىدى. ئەلچى-

لەرنىڭ ھەممىسى بىردىن قۇرئاننى كۆكسىگە تاڭغان بولۇپ، ھەر يەتتە قەدەمدە بىر توختاپ، تەكبىر ئېيتىپ ماڭاتتى. ئەلچىلەرنىڭ ئارقىسىدا چوڭ - كىچىك ئۈچ ساندۇق ۋە پەۋەس مال بېسىلغان ئىككى ھارۋا، ئېسىل ئىگەر، ئۈزەڭگىلەر بىلەن جابدۇقلانغان 50 نەچچە ئات، ھەر بىر ئاتنى بىردىن ئادەم يېتىلىگەن. ئاتلارنىڭ كەينىدە كوكۇلىسىدىن تارتىپ، پۇتىنىڭ تىرنىقىغىچە يېپىلغان ئاقپەرىچە - چۈمبەللىك توققۇز بۇۋى، بەش - ئالتە ياشلىق ئوغۇل - قىزدىن ئون نەچچىسى، نەچچە يۈزلىگەن ياش - قېرى ئەر - ئاياللار ئۇلارنىڭ كەينىدىن مەلۇم ئارىلىق قالدۇرۇپ كېلەتتى. بۇلارنىڭ ئىنتايىن ئاز ساندىكىلىرى پىدائىيلارنىڭ ئاتا - ئانا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولسا، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئەگىشىپ كەلگۈچىلەر، تاماشا كۆرگۈچى بىكار تەلەپلەر ئىدى. پۇقراچە كىيىندۈرۈلگەن قوراللىق باش كېسەرلەرنىڭ، پۇرسەتپەرەس يانچۇقچىلارنىڭمۇ يوق دېگىلى بولمايتتى، ئەلۋەتتە. ئەلچىلەر ئۆمىكى شىمالىي سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «لىنجىڭ يامۇل» ① ئالدىدا توختىدى.

خەلق پىدائىيلىرى سېپىلنىڭ دەل مۇشۇ قىسمى بىلەن غەربىي شىمال تەرىپىنى مۇستەھكەم ئىگىلەپ، دۈشمەن قوشۇنىنىڭ قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇۋىسى — سېبۇنى قاتتىق ئىسكەنجىگە ئالغانىدى. ئەلچىلەر باشلىقى سېپىلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇزاققىچە قۇرئان - تىلاۋەت قىلغاندىن كېيىن ئىككى قولىنى كارناي قىلىپ ۋارقىرىدى:

— ئەي ساھىبقىران يىگىتلەر، مەردانە ئوغلانلار، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن، ئالدىڭلارغا ئەلچىلىككە كەلدۇق. ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، ئۆز ئەلچىلىرىڭلارنى چۈشۈرۈۋېلىڭلار، ھەر قانداق ئارزۇ - تەلەپلىرىڭلارنى ئورۇنلاشقا مانا بىز كېپىل!

— مانا بىز كېپىل! — دەپ تەڭ ۋارقىرىدى 29 ئەلچى ئۆۋەندە تۇرۇپ. ئۇلاردىن بىر - ئىككىسى ئەگىشىپ كەلگۈچى خالايىققا قاراپ دېدى:

— قېنى، تۇۋلاڭلار، ۋارقىراڭلار!

خالايىق ئاڭلىق - ئاڭسىز ھالدا نالە - پەرياد، يىغا - زارە باشلىۋەتتى:

— بالام، چۈشكىن، جېنىم بالام، چۈشكىن!

— يۈرىكىمگە تېگىۋالاي، چۈشكىن!...

«باش ئەلچى» تېخىمۇ ئۈنلۈك ۋارقىرىدى:

— ئەي ھەزرىتى ئادەم ئاتىمىز بىلەن مۆھتىرەم ھاۋا ئانىمىزنىڭ ئەزىز ئەۋلادلىرى، جانابىي رەسۇلۇللانىڭ ئىخلاسكار ئۈممەتلىرى، ئاڭلاۋاتامسىلەر، ھالال ئەجرىنى سىڭدۈرگەن دۇئاگۆي ئاتاڭلار مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ، ئاق سۈت بېرىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ئاناڭلار مۇراجىئەت قىلىۋاتىدۇ! ئانا رازى — خۇدا رازى دېگەن ھېكمەتنى ئۇنتۇپ قالماڭلار! ئاتا - ئانا، قەۋم - قېرىنداشلىرىڭلارنى مۇنچە تەلمۈرتمەڭلار، مۇنچە تەقەززا قىلماڭلار!... دىن، قېرىنداشلىقنى ئەۋزەل، ئەل - يۇرت ئامانلىقىنى ئەلا بىلىپ، قورال تاشلىغان ھەر بىر يىگىتكە بىر دانە كالامۇشېرىپ، بىر ئات، بىر دانە تون، ئون سەر ئالتۇن، يۈز سەر كۈمۈش ئىنئام قىلىنىدۇ. ھايات بىخەتەرلىكىگە ھېچقانداق دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈلمەيدۇ، ئۆز كەسپى، ئۆز ئىش - ئوقىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئەركىنلىكى بىلەن تولۇق تەمىن ئېتىلىدۇ!

ھېيتگاھ جامەسىدە ئوقۇلغان ھېيت نامىزىدا ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ ئاۋازى ئۈنلىگەن مەزىن ئارقىلىق جامە ئىچى - سىرتىدىكى ئەھلى جامائەتكە يەتكۈزۈلگەندەك، «باش ئەلچى»نىڭ ئاۋازىمۇ ئۆگزىلەرگە ئورۇنلاشقان ئاق كېپەنلىك تىرىك مېيىتلەر ئارقىلىق خالايىققا يەتـ

① «لىنجىڭ كوچىسى» «ئەنجان كوچىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

كۆزۈلمەكتىدى. «ئون سەر ئالتۇن، يۈز سەر كۈمۈش»نىڭ كېيى چىقىش بىلەن تەڭ خالايىق ئوتتۇرىسىدا غۇلغۇلا باشلاندى:

— «ئون سەر ئالتۇن»؟ ئاز كەپتۇ ئۇ؟

— شۇنچە قەدىرلىك يولۇقتى دېگەن گەپ شۇ-دە!

— تەييار خەزىنە!

— ئۆمۈر بويى ياغ چاينايدىغان بولدى-دە!

— قايسى تالەيلىكنىڭ بالىلىرىدۇ ئۇ؟ بىزنىڭ لەيغەزەلنى - زە!...

— ئاھ، نېمىشقىمۇ پىدائىي بولۇۋالمىغان بولغىيتتىم!

— ھازىر قوشۇلۇۋالغىلى بولسىمۇ كاشكى!...

— مىسقاللاپ يىغىپ، جىڭلاپ چېچىۋېتىدىغان ئىشمۇ بولامدۇ؟

— ھەي، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە نېمە سىر بارلىقىنى خۇدايىم بىلىدۇ.

— .........

پىدائىيلار تەرەپتىن تېخىچە جاۋاب يوق. «باش ئەلچى»نىڭ داغدۇغىلىق ۋەز - نەسىھەت، شېرىن ۋەدە - ئىنئاملىرى شامال سوققان توزغاقتەك غايىب بولماقتىدى. «باش ئەلچى»نىڭ كېلى قۇرۇپ، تىلى يېرىلغىدەك ھالغا كەلگەنىدى. ئاقپەرىجە - چۈمبەللىك توققۇز خوتۇن بىر نەچچە بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىدە پەيدا بولدى. 10 — 15 ئۇششاق بالا ھەر قايسى سىرەج تاملار دالدىسىدىن ئورۇن ئالدى. توققۇز خوتۇن تاشنى ئېرىتكۈدەك مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن نىدا قىلىشقا باشلىدى:

— جېنىم بالام، جاھان مۆمىنلىرىنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن قايتىپ چۈشكىن!

— ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن قايتىپ چۈشكىن!

— بۈۋى پاتىمەنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن ...

— ئوبدان بالام، مەندەك بىچارە ئاناڭنى ئۇنتۇپ قالما! داغى پەرزەندىلىك ئوتىغا سالما! ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولاي، قايتىپ چۈش!

— بىر كۆرۈۋالاي، دىدارىڭغا قېنىۋالاي، قايتىپ چۈشكىن!

سىرەج تاملار ئۈۋىدىكى بالىلار تەڭ چۇرقىراشتى:

— ئاكا قايتىپ چۈشكىن!

— ئوبدان ئاكا، جېنىم ئاكا، قايتىپ چۈشكىن!...

پىدائىيلار قايسىبىرلىرى بۇ ئاۋازلار ئىچىدىن ئۆز ئانىسىنىڭ، ئۆز ئۆكىسى ۋە سىڭلىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇغاندەك قىلغاندۇ. قايسىبىرلىرى ئۇلارنى ئۆز سەپداشلىرىنىڭ ئانىسى، مومىسى، ئۇكا - سىڭلىسى دەپ پەرەز قىلغاندۇ. قانداقلا بولمىسۇن بۇ ئانا ئاۋازى، ئانا ئىلتىجاسى ئەمەسمۇ؟ مەسۇم - پاك ئىنى - سىڭىللارنىڭ تەقەززاسى ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ ئانىلار بەختى، بالىلار ئىستىقبالى ئۈچۈن جەڭگە كىرگەن مەردانىلەرگە تەسىر قىلماسلىقى مۇمكىنمۇ؟

«باش ئەلچى»نىڭ قايتا - قايتا تەلەپى، نىقابلىق «ئانا»لارنىڭ ئىلتىجاسى، بالىلارنىڭ تەقەززاسى، خالايىقنىڭ چۇقان ساداسى ئىچىدە پىدائىيلارنىڭ ئەلچىلىرى چۈشتى. «باش ئەلچى» بايىقى ۋەدىلەرنى تەكرارلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئىشەنچ بىلەن مۇنداق دېدى:

— شەك - شۈبھىسىز يېتىپ كەلگۈسى روزى مەھشەر كۈنلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئاخىرەتلىك تونىمىزنى كىيىپ، ئالدىڭلارغا كېلىپ تۇرۇپتىمىزكى، مۇبادا، قىلغان ۋەدىمىزدىن گۇمانلىنىدىلىغان بولساڭلار، مانا بۇ خۇدانىڭ كالامى ئالدىدا قەسەم قىلىپ بېرەيلى.

— قەسەم بېرىمىز! — دەپ تەڭ ۋارقىرىدى 29 ئەلچى.

30 ئىرىك مېيىت تەڭ يۈكۈندى، 30 قۇرئاننى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى:

— خۇدانىڭ كالامى ئالدىدا قەسەم بېرىمىزكى، قىلغان ۋەدىمىز يالغان بولسا، مانا مۇشۇ قۇرئاننىڭ ئاسسى، ئىسلامىيەتنىڭ ئاسسى بولۇپ كېتەيلى، ھەر ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز ئىبلىسقا ئايلىنىپ كېتەيلى!

بۇ قەسەم ئالدىدا ھەر قانداق گۇمان بىھاجەت ئىدى.

— بولىدۇ، سەپداشلىرىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ چۈشەيلى، — دېدى پىدائىيلار ئەلچىلىرى.

— ئەقىلگىلەرگە بارىكاللا! — دېدى ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەردىن بىرى ۋە خالايىققا خىتاب قىلدى، — ئامىن دەڭلار، خالايىق، پالۋان يىگىتلەر قايتىپ چۈشىدىغان بولدى، ئامىن!

بۇتۇن كوچىنى «ئامىن — ئامىن!» ساداسى قاپلىدى.

— مانا بۇ چوڭ ساندۇقتىكى قۇرئان ھەر يىگىتكە بىردىن، — دېدى پەرىشتە قىياپەتلىك باش ئەلچى، — ئاتمۇ شۇنداق، تونمۇ شۇنداق. قۇرئان بىلەن تونىنى ھازىر ئېلىپ كېتىۋېرىشكە بولىدۇ. مىلتىق بىزگە ئۆتىدۇ، ئالتۇن — كۈمۈش. بىلەن ئات ھەر بىرلىرىدىگە.

بىر ھارۋىدىكى تون بىلەن كىتابنى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن پىدائىيلار ئەلچىلىرى قايتىپ چۈشۈپ مۇنداق شەرت قويىدى:

— مىلتىقنى تاپشۇرىمىز، قىلىچ بىلەن يان قوراللىرىمىز ئۆزىمىزدە قالىدۇ.

— بولىدۇ. ماسىلىك ھەزرەتلىرىمۇ مىلتىق تاپشۇرسىلا كۇپايە دېگەن.

پىدائىيلار ئەلچىلىرى يەنە چىقىپ كەتتى ۋە خېلىغىچە چۈشمىدى. ئۇلار ئىچىدە كەسكىن بەس-مۇنازىرە، تالاش-تارتىشلار باشلىنىپ كەتكەنىدى. يېڭىسار قىزىللىق ئاكا-ئۇكا پالۋان — سەئىدبەگ بىلەن بەختىبەگ خوجانىياز ھاجىم يېتىپ كەلگىچە بەرداشلىق بېرىش تەشەببۇسىدا چىڭ تۇراتتى. ئۇلار خوجانىياز ھاجىمنىڭ قېشىغا كەتكەن ئاكىسى بەختىيارخان پالۋاننىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى، ھاجى ئاتىمىزنىڭ يولىغا كېچە-كۈندۈز تەلمۈرەتتى ۋە جەزمەن كېلىشىگە ئىشىنەتتى. تۆمۈر سىجاڭ بىلەن بىللە كەلگەن تۇرپان، توقسۇنلۇق ئۈچ ئەزىمەت ئاكا-ئۇكا پالۋانلارنىڭ تەشەببۇسىنى جان-دىل بىلەن قوللايتتى. قاپقانغا دەسسىمەسلىك، قورال تاشلىماسلىق پىكرىدە چىڭ تۇراتتى. ئۇزاق تالاش-تارتىشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن ئۇلار مۇنداق دېدى:

—ئۇنداق بولسا، ئوقلىرىڭلارنى بىزگە قالدۇرۇڭلار، بىز سېپىلدىن چۈشۈۋالغىچە تەخىر قىلىڭلار!

سەپداشلار ئوقدانلىرىدا بارنىڭ ھەممىسىنى بەردى، قۇچاقلىشىپ، رازى-رىزالىق ئېلىشتى ۋە ئۇلار ئاغامچا ئارقىلىق سېپىلدىن چۈشۈپ بولغىچە قوغدىدى.

مىلتىق تاپشۇرغان ھەر بىر يىگىت ۋەدە قىلىنغان ئىنئاملارغا ئېرىشتى. يېپيېڭى تون كىيىپ، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى بەلبېغىغا تۈگۈشتى، ئاتقا مىنىشتى.

— مۇبارەك بولسۇن!

—دۆلىتىڭلار زىيادە بولسۇن، ئامىن!

«ئامىن!» ساداسى كۆكنى قاپلىدى. ھەر بىر پىدائىينىڭ ئېتىنى بىردىن ئادەم يېتىلىگەنىدى. ئۇلار ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەرنىڭ باشلىشى، يۈزلىگەن كىشىنىڭ ئەگىشىشى ۋە «ئامىن-ئامىن!» ساداسى ئىچىدە يولغا چىقتى. كېلىشىم بويىچە ئۇلار ھېيتگاھ سەيناسىنى بىر ئايلىنىپ، دوتەي يامۇل ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆز يۇرت-مەھەللىلىرىگە تارقىلىپ كېتەتتى. پىدائىيلار يامۇل ئالدىغا كەلگەندە، ئۇچۇپ چۈشكەنلىكى ياكى ئۈنۈپ چىققانلىقى مەلۇم بولمىغان نەچچە يۈز قوراللىق چېرىك ئالدى-ئارقا تەرەپتىن قورشاۋغا ئالدى. جان

قايغۇسىدا قالغان خالايىق ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي ھەر تەرەپكە قېچىشماقتا، يىقىلغان، چەيلەنگەنلەر داد-پەرياد قىلىشماقتىدى. ئاق كېپەنلىك ئەلچىلەر، ئاقپەرىجە-چۈمبەللىك «ئانا»لارنىڭ نەگە غايىب بولغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. قاپقانغا چۈشكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا بىلگەن پىيادىلارنىڭ بەزىلىرى يان قورالىغا، بەزىلىرى قىلىچىغا قول ئۇزاتتى، ۋاقىت ئۆتكەن، پۇرسەت كەتكەن، ئات يېتىلەپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى تاپانچا ئاغزىنى ئۆزى يېتىلەپ كېلىۋاتقان ئات ئۈستىدىكى يىگىت كۆكسىگە توغرىلاپ بولغانىدى. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئۆگزىلەرگە ئورنىتىلغان پىلىموتلارنىڭ قاپقارا ئېغىزلىرىمۇ پىيادىلار يۈرىكىنى قان قىلىشقا تەييار تۇراتتى. بىر توپ ئاتلىق چېرىكلەر يامۇل دەرۋازىسىدىن ھەيۋە بىلەن چىقتى:

— ئاتتىن چۈش! قورال تاپشۇر! تونىنى سال، ئالتۇن-كۈمۈشنى تاشلا!

چاڭ-توزانغا مىلەنگەن ئالتۇنلار مۇستەبىت ھۆكۈمرانىنىڭ ھىڭگىيىپ تۇرغان سېرىق چىشىنى، كۈمۈش تەڭگىلەر ئەپيۇنكەش جاللاتنىڭ خۇنۇك تەلەتىنى ئەسلەتتى. بۇ نەرسىلەر گويا ئۆز كارامىتىگە ۋە سېھرى كۈچ-قۇدرىتىگە تەمەننا قويۇۋاتقاندەك ھىجىياتتى، خەلق پىدائىيلىرىنى مەسخىرە قىلاتتى.

— رەتكە تىزىل! سانا!

رەتكە تىزىلغان پىدائىيلار ساناقنى تۈگەتتى. ئۇلار توپتوغرا قىرىق يىگىت ئىدى.

— ئارقىغا بۇرۇل، تۆت قەدەم ئالغا!

ئۇلار سېپىلدەك ئېگىز، ھەيۋەتلىك يامۇل تېمى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قىرىق دانە مىلتىق ئۇلارنىڭ باش ئومۇرتقىسىغا توغرىلاندى.

— ئات!

قىرىق يىگىت كېلىشىۋالغاندەكلا ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، يۈزىنى قىبلە تەرەپكە، ئەزىز ئاتا-ئانا، قەۋم-قېرىنداشلىرى تەرەپكە قىلدى. كەۋدىسىنى كېرىپ، بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى. قىرىق جۈپ جەينەك بىر-بىرىگە كىرەلەشتى، سەكسەن مۇشت بىردەك تۈگۈلدى. گويا ئۇلار شىددەتلىك كەلكۈنگە يول بەرمەيۋاتقان قۇدرەتلىك ئادەم سېپىلى ئىدى!

ئانىلىق مېھرىنىڭ كۈچى بىلەن ئادەملەر كەلكۈنىنى يېرىپ چىققان نۇردىمان ئانا ئۆزىنىڭ جان-جىگەر ئوغلىنى ئىزلەيتتى، كۆز نۇرىنى ئىزلەيتتى، ئۈمىد يۇلتۇزىنى ئىزلەيتتى. ئەنە، ئەنە ئۇنى كۆردى! مېھرىبان ئانىسىنى ئىزلەۋاتقان نەۋقىران شۇڭقارىنى كۆردى، ئانىلىق قەلبىنىڭ شان-شۆھرىتىنى، ئىززەت-ئىپتىخارىنى كۆردى!

— ئات!

قىرىق مىلتىقنىڭ قارا تۇمشۇقىدىن ئۇچۇپ چىققان 40 دانە زەھەرلىك نەشتەر 40 يۈرەككە قادالدى، پۈتۈن قەشقەر خەلقىنىڭ يۈرىكىگە قادالدى! ئوڭ قولى بىلەن سول كۆكسىنى مەھكەم تۇتقان نەۋقىران يىگىت ئۆز مېھرىبانىغا تىكىلدى. لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى. بەلكى ئۇ دەۋاتقاندۇ:

— رازى بول، جېنىم ئانا، ئاق سۈتىڭگە رازى بول، ھالال ئەجرىڭگە رازى بول! قانلىق تارىخىي ساۋاقلارنى ئەستە ساقلاپ ئاداقىچى نەپەسكىچە جەڭ قىلىپ شېھىد بولماي، سۆلھى-سالا قاپقىنىغا دەسسىگەن گۇناھىمنى كەچۈر!...

39 ئەزىمەت ئارقا-ئارقىدىن يىقىلدى. ئەڭ ئاخىرىدا ئەنە شۇ يىگىت.

. . . . . . . . . . . .

— ئاھ! نۇردىمان ئانا يىقىلدى، ئېتىكىدىكى ئەسكى چاپان ئۈستىگە دۈم يىقىلدى. قولىدىكى قايچا كۆزىگە كىرىپ كەتكىلى تاس-تاماس قالدى.

— نۇردىمان ئانا!

— نۇردىمان ئانا!...

نۇردىمان ئانىنىڭ ئۆيى ئەسلىدە تۆت ئېغىزلىق ئىدى. بۇ ئۆي يېنىدىكى بورىچىلىق كارخانىسى قىلىۋېلىنغان كونا خانىقا بەش-ئالتە يىل ئالدىدا باللار يەسلىسى قىلىندى. ئۆز ئۆمرىدە بىر ئوغۇل، ئىككى قىز تۇغۇپ، ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئېچىنىشلىق مۇسىبىتىدە يۈرەك-باغرى ئېزىلىپ كەتكەن بۇ ئانا يەسلى باللىرىغا تولىمۇ ئىجىل-ئامراق بولۇپ كەتكەن، ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنى ئۇلارغا ئىنئام قىلىۋەتكەنىدى.

بۇ هويلىنىڭ بىر دېرىزىسى يەسلى تەرەپتە ئىدى. «نۇردىمان ئانا!» دەپ ئۈزلۈكسىز تەكرارلانغان بۇ ئاۋاز — كىچىك چۈچۈك، قىلىقى تاتلىق يەسلى باللىرىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى، ئارزۇلۇق نەۋرىلىرىنىڭ ئىنتىزارلىق سازى ئىدى. نۇردىمان بېشىنى كۆتۈردى، سۆيۈملۈك نەۋرىلىرىگە تىكىلدى.

— يىغلىدىڭمۇ نۇردىمان ئانا؟

— نېمە بولدۇڭ، نۇردىمان ئانا؟

— بۇ ياققا چىقىڭا، نۇردىمان ئانا، لىڭگىر-تاقتاق ئوينايلى!...

بۇ ئانىغا ئۇلار ئاجايىپ ئامراق، يەسلى تەربىيىچىلىرىمۇ ئامراق ئىدى. يەسلىگە سۇ تۇرۇبىسى بېكىتكەندە، بۇ ئۆي-هويلىنىمۇ ھەقسىز بېكىتىپ بەرگەن، كىر ئالغۇ، توك دەزمىلىنىمۇ ئېلىپ بەرگەن. بۇ ئائىلىنىڭ توك پۇلى، سۇ پۇلىنى يەسلى ئۆز زىممىسىگە ئالغانىدى. نۇردىمان ئانا ھارغان-چارچىغان، زېرىككەن، ئەلەملىك سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلەپ قالغان چاغلاردا يەسلىگە كىرەتتى-دە، غەمسىز ئوغۇل-قىزلارنىڭ تاتلىق سۆز، قىزغىن ئويۇنلىرىغا قاراپ كۆڭۈل ئاچاتتى. «كەل، نۇردىمان ئانا، گۈلەڭگۈچ ئوينىمىز!» دەپ قولىدىن سۆرەيتتى باللار ۋە بىللە ئويناپ تەڭ خۇشال بولاتتى. بەزىدە ئۇنىمىغىنىغا قويماي ياغاچ ئاتقا مىندۈرەتتى.

بۇنى كۆرگەن يەسلى تەربىيىچىلىرى:

— نۇردىمان ئانىڭلارنى ئۇچار دۇلدۇلغا مىنگەن پەرىزات دەڭلا، دېيىشى بىلەن تەڭ ئوغۇل-قىزلار چۇرقىرىشىپ كېتەتتى:

— پەرىزات!

— پەرىزات!...

مانا ھازىر ئەشۇ ئوماق باللار، سۆيۈملۈك نەۋرىلەر ئامراقلىق بىلەن چاقىرماقتىدى.

— ماقۇل، باللىرىم، ھازىرلا چىقاي، — ئۇ يېشىنى سۈرتتى، دەردىنى ئىچىگە يۇتتى، چاپان بىلەن قايچىنى ئۆز جايىغا قويدى-دە، يېنىككىنە قوزغالدى.

3

چۆلدە يېقىلغان كارۋان گۈلخانىدەك گۈزەل كەچكى شەپەق نۇرى «كەلكۈن» ئۇسخىلىق گىلەم سېلىنغان ئېشەك ھارۋىسىدا كېتىۋاتقان نۇردىمان ئانىنىڭ خىيالچان چىرايىنى مەككە مۇنەۋۋىرىنىڭ قىزىل ياقۇتىدەك جۇلالاندۇرماقتىدى. ئارغىماقتەك ئېگىز، تۇلۇمدەك سېمىز، قۇندۇزدەك قارا ھاڭگا قارا توكلۇك ئۇزۇن تۇمشۇقىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن ھالدا يېقىندىلا قاراماي ياتقۇزۇلغان توپتۈز يولدا بىر خىل يورغىلايتتى. ئۇنىڭ باش، بويۇن ۋە ساغرىسىغا ئېسىلغان مىس كولدۇرمىلار تىنىمسىز جىرىڭلايتتى. ھارۋىنىڭ ياۋىنىدە ئولتۇرغان شاپ بۇرۇتلۇق ھارۋىكەش يىگىت ئۆز جانىۋارىنىڭ يورغىسىدىن مەمنۇن ئىدى. ھەر بىر ئېشەك ھارۋىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە بىر ماختانسا، ئات ھارۋىسىدىن ئۆتۈپ كەتكەندە ئون ماختىناتتى. يەلكىسىگە ئېسىۋالغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچ رادىئو ئارقىلىق تەلەپلەر بويىچە بېرىلىۋاتقان خەلق ناخشا-مۇزىكىلىرىنى ئاڭلىغاچ، ئېشىكىگە مۇراجىئەت قىلىپ قوياتتى:

— ناخشا — ساز يولىنى قىسقارتىدۇ. ئاڭلاپ

مەززە قىلغاچ يورغىلا، جانىۋارا!

نۇردىمان ئانا ئۆز خىيالى بىلەن ــ ھېلىقى چەكمەن چاپان توغرىسىدىكى ئوي ــ خىيال بىلەن بەنت ئىدى. بۇ چاپاننى ئۇ ئاللىقاچان سۆكۈپ، يۇيۇپ ــ تازىلاپ، ماز ــ پاختىلىرىنى بىر ياقلىق قىلىپ بولغانىمۇ بولاتتى. لېكىن ھەر قېتىم قولىغا قايچا ئالغاندا، ھېلىقى موماي كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. «چاك ــ توزانلىرىنى كىرپىكىم بىلەن سۈيۈرۈپ، داغ ــ چەللىرىنى كۆز يېشىم بىلەن تازىلاپ....» ــ دەيتتى موماي ھارارەتلىك نەپەس ئېلىپ، ــ قەدرىگە يەتكىدەك بىر كىمگە نېسىپ بولۇپ قالسا...»

نۇردىمان ئانا ئۆز مەھەللىسى ۋە تونۇش ــ بىلىشلىرى ئىچىدىن تۆت كىشىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى ۋە شۇلارنىڭ بىرىگە بېرىۋېتىش نىيىتىگە كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئۆز ئۆمرىنىڭ تولىسىنى پاختا ــ ماز توزانلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن پېشقەدەم ئاتتۇچى، تەقۋادار ئادەم ئىدى. نۇردىمان ئانا سۇنغان چاپاننى تەپسىلىي كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

ــ تولىمۇ سىپتا تىكىلگەن چاپان ئىكەن، ــ دەپ ماختاپ قويدى ۋە نۇردىمان ئانىنىڭ ئالدىغا ئاستاغىنا سۈرۈپ قويدى. بۇ، قائىدە ــ يوسۇنلۇق رەد قىلىش ئىدى، ئەلۋەتتە. «سەدىقە دەپ ئويلاپ قالدى بولغاي، بوپتۇ، باشقا بىرسىگە بېرىۋېتەرمەن.» شۇ خىيال بىلەن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ياشانغان بىر ئەپكەش بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇمۇ ئۆز ئۆمرىنىڭ تەگدىن تولىسىنى سۇ توشۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن بىر جاپاكەش ئىدى. ئۆي ــ ھويلىغا سۇ تۇرۇبىسى ئورنىتىلىشتىن ئىلگىرى نۇردىمان ئانىنىڭ سۈيىنى توشۇپ، ئوتۇننى يېرىپ بېرەتتى. ماز ــ پازلىرىنى ئاتتۇرۇپ كېلەتتى. ھازىر مەلۇم قۇرۇلۇش ئەترىتىنىڭ كېچىلىك گۈزەتچىسى ئىدى.

ــ بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بۇنى كىيىپ يۈرسەك قانداق تۇرار؟ ــ دېدى ئۇ چاپاننى قايتۇرۇپ بېرىۋېتىپ، ــ يۇيۇپ، تاراپ يەرلىكىدە قويۇۋەتسىلە ئەمدى.

ئەپكەش بىلەن خەيرلىشىپ، ئۆيىگە تەرەپكە كېلىۋاتقان ئانا ئۆز ئۆزى بىلەن گەپلەشمەكتە ئىدى: شۇنچە ئىسسىق ــ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ ئەپكەش ئۇنداق دەۋاتقان يەردە، باشقىلار نېمە دەر؟ «يېڭىنى ئايىغان كونا، كىگىزنى ئايىغان بورا» دېگەن گەپنى ھەممە كىشى ئۇنتۇپ كەتكەنمىدۇ؟ كونىنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان كىشىلەر قالمىغانمىدۇ؟! ئاز قالدى، ناھايىتى ئاز قالدى... ئۆز مەھەللىسىدە يېقىندىلا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىش يادىغا كەلدى:

ئىككى نەپەر چەت ئەل سودىگىرى كونا گىلەم ئىزلەپ كەپتۇ. تۇنجى قېتىم كىرگىنى سۇلايمان قارى ئىسىملىك تامچى يىگىتنىڭ ئۆيى ئىكەن. يىگىت تامغا ئېسىتلىق يېڭى گىلەملىرىنى كۆرسۇتۇپ ماختىنىپتۇ. ئەجنەبىي سودىگەرلەر يەر بىلەن ئىچقويۇن ــ تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن گىلەمنى ئۆرۈپ ــ چۆرۈپتۇ. مېتىرلاپ بېقىپ ئىشارەت قىلىپتۇ.

ــ راست، بويى بەش مېتىر، ئېنى ئۈچ يېرىم مېتىر، ــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سۇلايمان قارى. ئەجنەبىي سودىگەرلەر باش بارمىقىنى ھۆللەپ سول ئالقىنىغا سۈركەپتۇ.

ــ ئۈچيۈز كوي، ــ دەپتۇ، باھاسىنى سوراۋاتىدۇ دەپ چۈشەنگەن سۇلايمان قارى ئۈچ قولىنى كۆرسۇتۇپتۇ. ئەجنەبىيلەر ئىككى قولىنى كۆرسۇتۇپتۇ، ئىككى يېرىمنى ئىشارە قىلىپتۇ. سۇلايمان قارى باش چايقاۋەرگەندىن كېيىن گىلەمنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆرۈپ چىقىپتۇ ۋە ئىككىسى ئۆز ئارا سۆزلىشىۋالغاندىن كېيىن ئۈچ بولاق پۇلنى ئۇزىتىپتۇ. سۇلايمان قارىنىڭ ھەيرانلىقتىن چەكچەيگەن

كۆزلىرى بارا - بارا غەزەپكە تولۇپتۇ:

— ئالماس ماتا، زورلاپ ساتار نەرسە يوق بۇ يەردە، ئالمىساڭلار قېلىۋېرىدۇ، ئاش - نان دېمەيدۇ، ئېغىردىنى سالمايدۇ. نېمىشقا زاڭلىق قىلىسىلەر! ئېلىڭلار پۇلۇڭلارنى!

ئەجنەبىي سودىگەرلەر ھەيران قاپتۇ ۋە كالدىرلىشىپتۇ. بىللە كىرگەن ھەققەمسايىلىرىمۇ ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. ئەجنەبىلەرنى رەنجىتىپ قويۇش تۈپەيلىدىن بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ. ئىككى يىلدىن بويان چەت ئەل تىلىنى كەچ كۇرسىدا ئوقۇۋاتقان شۇ مەھەللىلىك سودىگەر يىگىت — ۋارىسجاننى تېپىپ كىرىپتۇ.

— چىرايلىقچە پۈتۈشكەندۇق، ئۆزىچە ئاچچىقلاپ پۇلىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەجنەبىيلەر دولىسىنى قورۇپ.

— ئۈچيۈز كويغا پۈتۈشسەك، ئۈچمىڭ كوي تەڭلەۋاتىدۇ ئادەم زاڭلىق قىلىپ! — دەپتۇ سۇلايمان قارى.

— ئۈچمىڭ يۈەنگە راست ئالامسىلەر؟

— بەرسىلا ئالىمىز، يېنىۋالمايمىز!

— ئۇنداق بولسا، مانا مەن ساتتىم، — پۇلنى ئاپتۇ ۋارىسجان، — خاتىرجەم كېتىۋەرسەڭلار بولىدۇ؛ سانىۋالسىلا، سۇلايمان قارى.

ئۇلار گىلەمنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا، سۇلايمان قارى ئەسكەرتىپتۇ:

— ئېيتىپ قويسىلا، ۋارىسجان، ئەتە ئەتىگەندىلا قۇرۇلۇش ئەترىتىمىز بىلەن بىللە ناھىيىگە كېتىمەن، گىلەمنى قايتۇرۇۋېتىدىغان ئىش بولۇپ قالسا، تاڭ سۈزۈلگىچە قايتۇرۇپ بەرسۇن، بولمىسا ئاۋارە بولۇپ قالىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دەپتۇ ئەجنەبىي سودىگەرلەر، — بۇنىڭ قەدىردىگە سىز يەتمىگەن بىلەن بىز يېتىمىز، سىز قەدرىگە يەتكۈدەك بولغان چاغدا، ئوتتۇز مىڭ يۈەنگىمۇ سېتىۋالالمايسىز!...

«شۇنداق، ئالتۇننىڭ قەدرىگە يېتىدىغان زەرگەرلەر ئاز قالدى، — دەپ ئېغىرغىنا نەپەس ئالدى نۇرىمان ئانا، — بوپتۇ، بۇ چاپاننى تۇرۇۋەرسۇن.» ئۇ، چاپاننى قايتۇرۇپ كېلىپ، مەرىپەتكى يوتقان - كۆرپىلەر قاتارىغا تىزىپ قويغان كۈنى يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىيالمىدى. موماينىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلىرىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن پاجىئەلىك قىسمەتلەر قوشۇلۇپ كەتتى. يۈرەك جاراھەتلىرى يېڭىباشتىن ئېچىلدى، بىئارام قىلدى. چۈش كۆردى، مەلئۇنلار ئوقى زەربىدىن يىقىلغان قەددىناسىرى، ئارزۇلۇق قىزى، باھادىر ئوغلى... ئاھ! دەپ ئويغىنىپ كەتتى. مۇستەھەپ قىلىپ، جايناماز غا يۈكۈندى، خۇداغا ئىلتىجا قىلدى، مۇڭلۇق خىيال، قورقۇنچلۇق چۈش كۆزىدە دېگۈدەك داۋاملىشىۋەردى. نۇرىمان ئانىنىڭ كەيپى بۇزۇلدى، ئىشتىھاسى تۇتۇلدى، ھالسىزلاندى. مىڭ يىل ياشىغان لوقمان ھېكىممۇ ھاياتلىق رىزقى - نېسىۋىسىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەنكەندى. بىر كۈنى تاڭ سەھەردە، — مەن نېمىشقا ئۈمىد ئۈزىدىكەنمەن؟ ئەزرائىلغا باغاق ئەۋەتكەندەك ئىش قىلىپ يۈرگىچە، ئەپكەشنىڭ دېگىنىدەك قىلسام بولمامدۇ؟ ئۇ، قەتئىي نىيەتكە كەلدى، قايچىنى قولىغا ئالدى. تېرىنىڭ مەگدەك يېرىنى زىدە قىلمايدىغان ئۇستا قاسساپتەك تېزچىبىلەپ تىغ سالدى، ئاۋايلاپ سۆكتى. تاش ۋە ئەستىردىن ئايرىلغان چاپان پاختىسى يەنە بىر قەۋەت ئىچ ئەستەر قويىنىدا تۇراتتى. تېز سۈرئەت بىلەن يىپ سۆگۈرۈۋاتقان قايچا ئارقا پەشتىن بىر سويامچە ئېگىزلىككە كەلگەندە تۇساتتىنلا ئاستىلاپ قالدى. نېمە ئىشتۇ بۇ؟ تۆشۈك تورلىغاندەك تورلىۋېتىپتۇ يا؟ بۇ يەرمۇ، بۇ يەرمۇ شۇنداقمۇ؟ قاتتىقلا بىر نېمە تۇرىدىغۇ؟ ھەيران قالغان نۇرىمان ئانا قايچىنى قويۇپ، بېگىزنى ئىشقا سالدى. گىرەلىشىپ

كەتكەن پەششىق يىپ بىر غېرىچ بىر سويامدىن ئۈزۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى. پاختا ئىچىگە شۇنچە مەھكەم يوشۇرۇنۇۋالغان قاتتىق نەرسە ئاخىرى ئۆزىنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدى. بۇ پارقىراپ تۇرغان ئالتۇن ئىدى، ئېگىزلىكى ۋە توغرىسى تۆت تال سەرەڭگە چوغلانمىسچىلىك كېلىدىغان ساپ ئالتۇن ئىدى، يەنە كېلىپ، ئۇ يەر- بۇ يەردىن ئارقىمۇئارقا تېپىلغىنى بىر خىل ھەجىملىك بەش زىخچە ئالتۇن ئىدى! نۇردىمان ئانا بەك ھەيران بولۇپمۇ كەتمىدى. چۈنكى ئۇ، مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن يېرىم ئەسىر مابەينىدە مۇنداق ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدىن تالاي-تالاي قېتىم ئالتۇن، تىللا تېپىۋالغان. لېكىن بىر قېتىمدىلا مۇنچىلا كۆپ ئەمەس ئىدى. ساپمۇ-ساق بىر جىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ؟

خەلقىمىز ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيانقى يېغىلىق، قىزغىنچىلىق، بۇلاڭ-تالاڭلار نەتىجىسىدە ئەزىز جېنىدىن، قان-قېرىنداشلىرىدىن، نەسىل-ئەۋلادلىرىدىن، ئەسلى-ۋەسلىسىدىن ئايرىلىپ كەتتى. ھەر قايسى دەۋرلەردىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلار، ئۇرۇشقاق باندىتلار كاتىباشلىرىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن-گۆھەرگە تولىمۇ ئامراق، ھېرىسمەن ئىدى. قىسقىغىنا بەش يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چوڭ ئىستىبدات جىن شۇرېن ئۆلۈم خەۋپى ئاستىدا تۇرغاندىمۇ، بىرمىڭ ئىككى يۈز يەتمىش تۆت سەر ئالتە يېرىم مىسقال ئالتۇننى ئېلىپ قېچىشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. قان-قېنىغا ياۋۇزلۇق سىڭىپ كەتكەن ئىككى يۈزلىمىچى چوڭ باندىت ماجۇڭيىڭ گۇچۇڭدىكى ئۇرۇشتا چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان بىر مىليون سەر كۈمۈش بىلەن قانائەتلەنمىدى. خەلقىمىزنىڭ قىساس ئارغامچىسى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، سوراق سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىلىش ئالدىدا ئۇ، يىگىرمە سەككىز تۆگىگە پەۋەس ئالتۇن بېسىپ چەت ئەلگە بەدەر قاچتى! ھەر تۆگىگە يۈكلىگىنى مىڭ سەر (100 جىڭ) ئالتۇنمىدۇ ياكى ئىككى مىڭسەر؟! ھېيلىگەرلىكتە چېكىگە يەتكەن، جاللاتلىقتا بۆۋىلىرىدىن ئېشىپ كەتكەن قانخور شېڭ شىسەينىڭ بۇلاپ قاچقانلىرى قانچە تونىمدۇ؟ تۈگىمەيدىكەن، ھېلىمۇ تۈگىمەيدىكەن بۇ ئالتۇن-گۆھەرلەر!

كىشىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئالتۇن-گۆھەرلىرىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ كويىدا ئىدى. تامنىڭ ئۇلى، تۆشۈكى، جەگە ئارىلىقى، ئوچاق تېگى، دەرەخنىڭ كاۋىكى قاتارلىقلارغا تىقىپ قويۇلغان ئالتۇن ۋە ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسىدىن مەھرۇم قالغان كىشىلەر پاختىلىق چاپان ئىچىدە ساقلاشنى بىر قەدەر ئىشەنچلىك دەپ قارىغان بولسا كېرەك. شۇڭلاشقا ساپ ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇقلارنىڭ كۆپىنچىسى مۇشۇنداق ئەسكى-تۈسكىلەر ئىچىدىن چىقىپ قالاتتى. «مەككە مۇنەۋۋەرىنى تاۋاپ قىلىپ كېلىشنىڭ تەييارلىقى بولسا كېرەك،-دەپ پەرەز قىلدى نۇردىمان ئانا ھېلىقى مومايىنىڭ سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ،-نېمىشقا بىخەۋەردۇ بۇ ئالتۇندىن؟» «بىز خەق ماختىنىشنى ياخشى كۆرىمىز، ئاغزى بوش كېلىمىز. يېغىلىق ۋاقتى ئەمەسمۇ، ھەر نېمە قىلسا ھەق.» «مومايىنىڭ ئېتى نېمىدۇ؟ نەدە تۇرىدىغاندۇ؟» نۇردىمان ئانا ئالقىنىدىكى ئالتۇنغا قاراپ ئويلايتتى، سوئال سورايتتى، جاۋاب بېرەتتى. كېيىنكى سوئالغىمۇ يەنىلا ئۆزى جاۋاب بەردى: جانقورغانلىق ئىدىم، ئۆيىمىزنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى مارجان بۇلاق تەرەپكە قاراپ تۇراتتى دېمىگەنمىدى؟ شۇ يەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. موماي قانچە خوش بولۇپ كېتەر؟ بۇ چاپاننى كۆزگە ئىلمىغان نەۋرە، كېلىنلىرى ھاڭ-تاڭ قالارمۇ؟ خىجىل بولارمۇ؟ بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ جېدەل-ماجرا چىقىرار-

مۇ؟ مەيلى، نېمە قىلسا ئۆز ئىختىيارى. ئېغىرىمنى يەر كۆتۈرەلىۋاتىدۇ، ھالال رىسقىمنى ئېگەم ئۆزى بېرىۋاتىدۇ. مەن نېمانچە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىمەن بۇنىڭغا؟ كىشىنىڭ ھەققى سىڭەمتى ماڭا؟ «ماڭغان دەريا، ياتقان بورىيا» ئەمەسمۇ؟ ماڭاي، «بىسمىللا» دەپ بوسۇغىدىن پۇتۇمنى ئالاي.

بۇلاقبېشى — قەشقەر سېپىلى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭقۇر ئويمانلىق. موماي تەرىپلىگەن مارجان بۇلاق ھېلىمۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرۇپتۇ. بۇك-باراقسان سۆگەت ئورمىنىدا قۇشقاچلار ھېلىمۇ سايراۋېتىپتۇ. چەكمەن-چوتا، سەگەز-ماتا سىمىلىقلايدىغانلار كۆرۈنمەيدۇ، توقماق ئاۋازىمۇ يوق. نۇردىمان ئانا تىك يار ئۈستىگە ئورۇنلاشقان جانقورغان تەۋەسىدىكى ئۆيلەرگە نەزەر سالدى. ھەممىسىنىڭ پېشايۋانلىرى بۇلاق تەرەپكە قاراپ تۇرۇپتۇ. مومايىنىڭ قەدىم جايى قايسىدۇ؟ ئۆيمۇ-ئۆي سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.

نۇردىمان ئانا شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان داۋاندەك ئېگىز دۆڭدىن ئىلىك تەسلىكتە چىقتى. ئازراق دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن شىمالىي كوچىغا نەزەر تاشلىدى. بۇ كوچا قىرىق بىر پەلەمپەيلىك راۋاقتەك ئېگىز ئىدى. ھەر قەدەمدە بىر توختاپ، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ يۈرۈپ بۇ يەردىنمۇ چىقتى. كۆتەرمە ئۆيلەر بىر-بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن، يىل بويى كۈن چۈشمەيدىغان بۇ كوچىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى دەرۋازىلارغا سەپسالدى. ئاخىرى ئۆزى قىياس قىلغان بىرىنچى دەرۋازىنى قاقتى. بەش-ئالتە ياشلاردىكى ئوماققىنە قىز ئىشىكنى ئاچتى.

—خان قىزىم، دادىلىرى بارمۇ؟

—بار.

— بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى، چاقىرىپ قويسىلا.

ئۇچقاندەك كىرىپ كەتكەن ئوماق قىزنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ھويلا تەرەپتىن ئاڭلاندى:

—دادا، سىزنى بىر خوتۇن ئىزلەپ كەپتۇ!

—قانداق خوتۇن؟

—چىرايلىق قېرى خوتۇن.

— قېرى خوتۇن؟— تەئەججۈپلەنگىنىچە دەرۋازا بوسۇغىسىغا يېقىنلاشقان كىشى ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. نۇردىمان ئانا سالام بىجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سورىدى:

—خوجام، ئاتىلىرى بارمىدۇ؟

ئۇ يىگىتنىڭ چىرايى غەمكىن تۈس ئالدى:

— رەھمەتلىكتە نېمە ئىشلىرى بار ئىدى؟

— بىر ئىشنى سورىماقچىدىم، ئانىلىرى بارمۇ؟، خوجام.

—بار، ئۆيگە كىرسىلە.

يىگىتنىڭ ئانىسىمۇ نۇردىمان ئانىغا ئوخشاش پاكىز كىيىنگەن ئىسسىقچىراي خوتۇن ئىدى. قائىدە بويىچە يۈز يېقىپ كۆرۈشتى، تىنچ-ئامانلىق سورىدى، سۇپىدىكى گىلەم ئۈستىگە كۆرپە سالدى. بىر پىيالە چاي سۇنغاندىن كېيىن سوئال نەزەردە تىكىلدى.

— خېنىم، ھەر بىرلىرى بۇ ئۆينى «تۇڭگان يېغىلىقى» ۋاقتىدا شېھىد كەتكەن بىر تاقىچى ئۇستامنىڭ ئائىلىدىن سېتىۋالغانمۇ؟

— يوغىسۇ، مىسكەردىن سېتىۋالغان.

— مۇنداق دېسىلە، — نۇردىمان ئانا پىيالىنى داستىخان ئۈستىگە قويدى، — رەھمەت سىلىگە. باشقا يەردىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي.

— ئاڭلىسام، بۇ مىسكەر تاقىچىنىڭ ئائىلىدىن سېتىۋالغانىكەن.

— مۇنداق دېسىلە، خېنىم، — قوزغىلىش نىيىتىدىن يانغان نۇردىمان ئانا قايتىلاپ سورىدى، — مىسكەر ئۇستامنىڭ ئېتى، يۇرتى يادىلىرىدىمۇ، خېنىم؟

— يادىمدا - يادىمدا. ئىسمى سەيپۇللا قارىم ئىدى. مەرھۇمنىڭ يەتتە نەزىرىسى،

قىزدىق نەزىرىسى، يىل نەزىرلىرىنىڭ ھەممىسىگە چىققانمەن.

— ئۆلۈپ كەتكەن دېسىلە، خېنىم؟

— شۇنداق. ئوبدان ئادەم ئىدى ئۇ رەھمەتلىك. ئوغلىمۇ ئوبدان ئادەم بولدى. ئاڭلىسام، مەكتەپ مۇدىرى ئىكەن دەيدۇ. ھېيت - ئايەملەردە يوقلاپ تۇرىدۇ.

— ئىسمى؟ ...

— ئىسمى — سەيدۇللا. سەيپۇل دېسە، پۈتۈن سەمەن - چۆيۈنچى تەۋەسىدە تونۇمايدىغان ئادەم يوقمىش، سەيدۇللا مۇدىر دېسىلىمۇ بولىدۇ.

— رەھمەت، خېنىم، رەھمەت، — نۇرىمان ئانا، دۆڭدىن چىققىچە تارتقان جاپاسىنى ئۇنتۇغان، ھاردۇقى چىقىپ يەڭگىللەپ قالغانىدى. قايتا - قايتا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ خوشلاشتى. شەھەرنىڭ غەربىي دەرۋازىسى — نو بېشىغىچە پىيادە كەلدى — دە، ھارۋا كىرا قىلدى:

— بالام سەمەن - چۆيۈنچىگە قاراپ ھەيدىسىلە.

سەيدۇللا مۇدىر راستىنلا ئوبدان ئادەم ئىكەن. ئۇنى ئۆز ئانىسىنى ھۆرمەتلىگەندەك ھۆرمەتلەپ قىزغىن كۈتۈۋالدى. نۇرىمان ئانىنىڭ ئىسمى ۋە ئولتۇرۇشلۇق ئورنىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باشقىچە جانلىنىپ كەتتى:

— ئىككى ئېغىز ئۆيىنى باللار يەسلىسىگە تەقدىم قىلغان نۇرىمان ئانا ئۆزلىرى ئەمەسمۇ؟ تۆت يىل ئالدىدا ئېچىلغان مۇنەۋۋەر يەسلى تەربىيىچىلىرى يىغىنىنىڭ پەخرى، ھەيئەت ئەزاسى ئەمەسمۇسىلە؟ كۆزۈمدىن قېرىدىمۇ نېمە، تونۇيالماي قالغىنىمنى قارىمامدىغان! «مېھرىبان ئانا» لەۋھەسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان چاغلىرىدا چاۋاك چېلىۋېرىپ، ئالقانلىرىم شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتىكەن. سىلىمۇ يىغلاپ سالغان، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئۆزەمنى توختىتالماي قالغان. ھەر كىشىنىڭ بىر ئانىسى بولىدۇ. لېكىن مېنىڭ ئۈچ ئانام بار. ئۈچىلىسىنىڭ ئىسمى نۇرىمان ئانا، ئاخىرقى ھېسابتا، يەنىلا بىر ئانا!

ئەللىك ياشلاردىن ئاشقان خۇش تەبىئەتلىك مۇدىر تولىمۇ خوش بولغان ۋە ھاياجانلانغانىدى. «ئۈچ ئانا» سۆزىنى چەكسىز ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن شەرھىلەشكە باشلىدى:

— ئۆز ئانامنىڭ ئىسمى - شەرىپىمۇ نۇرىمانىخان ئىدى. ئۇ ئىككى يېشىمدا ئۆلۈپ كەتكەن. باشتىنراق ئېيتسام، بىزمۇ شەھەرلىك، جانقورغانلىق ئىدۇق. گومىنداڭ غالجىرلىشىپ كەتتى، تاغ ئىنقىلابىنى باستۇرىدىغان، خەلقنى قىرغىن قىلىدىغان ئوق ئېھتىياجى ئۈچۈن مىس، قوغۇشۇن بۇلاڭچىلىقىغا كىرىشتى. ئىلكىمىزدىكى مىس، تۇچ، قوغۇشۇنلارنىڭ ھەممىسىنى بۇلاپ كەتتى. ئۆي - جايىمىزنى سېتىپ، بۇ يەرگە كۆچۈپ چىقتۇق. ئاتا - ئانام ئارقا - ئارقىدىن قازا قىلدى. يېتىم قالدىم. ئاخىرى دارىلئېتامدىن پاناھ تاپتىم. تامىقىمىزنىڭ تايىنى يوق، كىيىملىرىمىز جۇلجۇل، ياتاق شارائىتىمىزمۇ بەك ناچار ئىدى. زەئىپلىشىپ كەتكەنىدۇق. تەكەببۇر باي - خوجاملار، مۇتەئەسسىپ موللا - ئىشانلار نەزەرىدە بىز «دارىلئېتام تازلىرى — ئەسكى چاپان مازلىرى» ئىدۇق. ئەزرائىل بولسا، «تاز - ماز» بولۇشىمىزغا قارىماي ئېلىپ كېتىۋېرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىزگە قالتىس ئىگىدارچىلىق قىلدى. ھەممىمىزگە بىر قۇردىن يېڭى كىيىم تارقاتتى، تامىقىمىز ۋە ياتاق شارائىتىمىزنى بۆلەكچىلا ياخشىلىۋەتتى. كېسەللىرىمىزنى داۋالاپ ساقايتتى. كېيىن ئۇقساق، نۇرىمانىخان ئىسىملىك بىر باي تۇل خوتۇن ئۇيغۇر

ئويۇشمىسىغا گۆھەر تەقدىم قىلغان ۋە گۆھەرنىڭ پۇلىنى دارىلئىتام بالىلىرىغا خىراجەت قىلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىلغانىكەن. شۇ چاغدا مېنىڭ قورسىقىممۇ كۆپتۈرەك ئىششىپ كەتكەنىدى. شۇ ئانىمىزنىڭ خەيرى-سەدىقىسى بولمىغان بولسا، ھاياتلىق نېسىۋەم شۇ چاغدىلا ئۈزۈلگەن بولاتتى. ئۇ مېنىڭ ئىككىنچى نۇرىمان ئانام، ئۈچىنچىسى ئۆزلىرى. چۈنكى سىلەرمۇ بالىلارنىڭ غەمخورى، كۆيۈمچان ئانىسى!...

نۇرىمان ئانا قەلەم بىلەن ئىزھار قىلىپ بولالمىغۇدەك ھاياجانلىق تەسىرات ۋە چەكسىز ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە خوشلاشتى، قەلبى ھاياجانغا، ھارۋىسى قوغۇن - تاۋۇز، ئەنجۈرگە تولغان ھالدا خوشلاشتى، ئۆزئارا يوقلاپ تۇرۇش ۋەدىلىرى ئىچىدە خوشلاشتى. سۆھبەت جەريانىدا ئۇقتىكى، موماينىڭ ئىسمى — شۈكرىخان، يۇرتى «قاراساقال» ئىكەن. قاراساقال — شەھەرنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى بىر يۇرت ئىدى. ئۇ تەرەپكە ئۆگۈنلۈككە چىقىش نىيىتىگە كەلدى: ئەتە ئەتىگەندە بالىلار كەلگەن ھامان، ئاناڭلار سىلەرگە قانداق سوۋغا تەييارلاپ قويدى، بىلەمسىلەر، دەيمەن. چۇرقىرىشىپ كېتىدۇ، ۋىچىرلىشىپ كېتىدۇ، تاپالمايدۇ. قاراڭلار، بۇ نېمە؟ دەيمەن. نۇرىمان ئانا، ھەممىنى بىزگە بېرەمسەن؟ دەپ ھەيران بولۇشىدۇ. ھەئە، سىلەرگە، سىلەرنىڭ تەربىيىچىلىرىڭلەرگە! دەيمەن. خوش بولىدۇ. ئەنجۈر بۇزۇلۇپ قالارمۇ؟ ئېسىم قۇرۇسۇن، بۇ زۆھرە خانىمنىڭ توڭلاتقۇسىغا سېلىپ قويسام مۇزدەك تۇرۇۋېرەمدۇ؟

نۇرىمان ئانا بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا مۇشۇ ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يولغا چىققان، قاراساقاللىق شۈكرىخان موماينى ئىزلەپ يولغا چىققانىدى. ئەمدى قايتىپ كىرمەكتە، خىلمۇخىل ئوي - خىيال ئىچىدە قايتىپ كىرمەكتە.

— پەرىشتەدەك مەزلۇم ئىدى رەھمەتلىك. يەنە يۈز يىل ياشايدىغاندەك تېتەن ئىدى. بىكۆيۈم نەۋرىلەرنىڭ دەرد - ئەلىمىدە...

— ئاتام زامانىسىدا بىر ساھىبجامال مەلىكىنىڭ چېچىنى شاھ راۋىقى ئالدىدىكى ئاسمانپەلەك چىنارغا ئېسىلغان ئالتۇن قەپەز ئىچىدىكى ياقۇت قۇتىدا ئىكەنىمىش. بۇ موماينىڭ چېچى بىر ئەسكى چاپان ئىكەن. شۇ چاپاندىن ئايرىلمىپلا... ...

— پوت - پوت مىنگەن بىر نوچى ئالدىلىرىدىن ئۇچۇپ ئۆتتىمۇ؟ شۈكرىخان موماينىڭ نەۋرىسى شۇ، ھەممىسىنى تىزگىنلەيدىغان چوڭ نەۋرىسى!

— كىچىكلىرىمۇ تايىنلىق، چاغاندا ئۆلىدىغان قېرى، ماز كېپەنقېرى، دەپ تىللىشىپلا يۈرەتتى. ئۇ نېمىلەرمۇ؟

... ...

نۇرىمان ئانىنىڭ شۈكرىخان موماي ۋە ئۇنىڭ نەۋرىلىرى توغرىسىدا ئاڭلىغانلىرى ئەنە شۇلار ئىدى. ئۇنىڭ رايى قايتتى، كۆڭلى سوۋۇدى. شۇنداق بولسىمۇ، نەۋرىلەرنىڭ بىرەرى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىش ئۈمىدىدە يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. «ياشلىق قىلغان ئىكەنمىز، قەدرىگە يەتمەپتىكەنمىز» دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ قالسىلا...

نۇرىمان ئانا يول چېتىدە زوۋانى ئۆچكەن موتسىكلىت بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان قىرىقنەچچە ياشلىق بىر كىشىنى ئۇچراتتى ۋە كىشىلەر ئېيتقان «نوچى شۇ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈردى. قائىدە - يوسۇنلۇق سالام بەردى ۋە شۈكرىخان موماينى سۈرۈشتۈردى. «نوچى» زوۋان سۈرمىدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كېلىپ توۋلىدى:

— بالام سىلىگە گەپ قىلىۋاتىمەن. شۈكرىخان موماينىڭ قاچان، قانداق ۋاپات بولغانلى-

قىنى سوراۋاتىمەن!

— نېمانداق ۋارقىرايدۇ بۇ خوتۇن؟! — تەلەتىنى تۈرۈپ چالۋاقىدى ئۇ، — ماز كېپەن قېرىدىنى نېمانچە سېغىنىپ كەتتىڭىنە!

— بالام، سىلە ئۆزلىرى شۈكرىدىخان ئانىمىزنىڭ نېمىسى بولىلا؟

— ھېچنېمىسى! — ئەلپازى بۇزۇلغان نوچى سۆزگۈچلۈك پاپىروستىن بىر تال چىشلىدى، غەزەپ بىلەن چاقماق چاقتى، بىر قولىنى يانچۇقىغا سالغان ھالدا ئارقىغا قاراپ تۇرۇۋالدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىكەشكە دېدى:

— بالام ئېشەكنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە توغرىلىسىلا.

ھارۋىكەش ھەيرانلىق بىلەن تىكىلدى. نۇرىمان ئانا ھارۋىكەشكە دېدى:

— ئىشىمىز تۈگىدى، قايتىلى، — دېدى.

«سەندەك تاش يۈرەكلەرگە بېرىدىغان ئالتۇن نەدە تۇرۇپتۇ؟! — قارا سوكنو پىلاتى ئېنىگە كىيىۋالغان تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان تونچە ياقىلىق پوفايكىسىنىڭ پېشىشىق يىپ بىلەن تىكىۋېتىلگەن يانچۇقىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ شۇنداق دەيتتى نۇرىمان ئانا، — دىن يولىدا سەدىقە قىلىۋېتەيمۇ؟ ئىمام ئاخۇنۇمغا بېرىۋېتەيمۇ؟»

ئىمام ئاخۇنۇمغىمۇ بەرگەن. قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرى سېتىۋالغان ئەسكى - تۈسكىلەر ئىچىدىن چىقىپ قالغان ئالتە دانە تىللانى بەرگەن. «ئىنىسى - جىنىغا تىنىمىسلا» دەپ چۆنتەككە سالغان ئىمام ئاخۇن ھەپتە - ئون كۈندە بىر قېتىم «ھە، بىر نېمە چىقىۋاتامدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرىدىغان بولۇۋالغان. ئالتە- يەتتە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن تېپىۋالغان بىر دانە تىللانى بەرسە، «ئاتايىن بىر دانە تىللانى تىقىپ قويامدۇ، نۇرىمانخان؟ غايىبنىڭ ھەققى ھارام! غېرىب- مىسكىنلەرگە سەرپ - تەسەررۇپ قىلىمىز ئەمەسمۇ بىز؟ ئىنساپ قىلىسىلا، ئىنساپ!؟» دەپ كايىغان. بىر كۈنى ئۇزۇنلۇقى چىمچىلاقتەك، چوڭلۇقى چوكىنىڭ قويرۇق تەرىپىدەك كېلىدىغان ئالتۇن تېپىۋېلىپ، ئىمامنىڭ دەرۋازىسىغا يېقىنلاشقاندا، مۇنداق بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالغان:

— رىسقىڭنى خۇدادىن تىلىمەي، نېمىشقا ئىشىك قاقىسەن، ئەي ۋەيلۇن دوزاققا تۇتۇرۇق بولىدىغىن مەلئۇن!؟ «غېرىب-مىسكىنلەرگە خەيرىخاھلىق قىلغۇچى» ئىمامنىڭ قوغلاۋاتقىنى قېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئەما تىلەمچى ئىدى. نۇرىمان ئانىنىڭ رايى قايتتى. «سەندەك بىرەھىمگە بەرگىچە، خانىقاغا سەدىقە قىلىۋەتسەم بولمامدۇ؟» تەركى دۇنيالىقنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىغان ئىشان - سوپىلار تېخىمۇ ئامراق ئىكەن بۇ پارقىراق نەرسىگە. ئايمۇئاي كېلىپ، سۆيلەپ- سۈرۈشتۈرۈپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى. «بۇ دۇنيالىقىڭىزنى ئۇ يالاڭ، — دەپ تەھدىت سېلىشتى تېخى، — غايىبنىڭ بىر تال ھەققى مىڭ نەشتەرگە ئايلىنىپ، يۈرىكىڭىزگە سانچىلمىسۇن يەنە!»

«ئاغرىمىغان بېشىمغا ئالتە تاياق» دېگەن شۇ ئىكەن - دە؟ خەپ، بىر نەرسە تاپسام، ئۇدۇللا مەھكىمە شەرئىيەگە يوللاپ بېرىمەن! نۇرىمان ئانا شۇ نىيەتكە كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ھەبىبۇللا قارىم بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋاپتۇ» دېگەن خەۋەر تارقالدى. چۈش - پېشىنگە يەتمەستىنلا كومزەك كۆپكە ئۆزگەردى، نامازشام - خۇپتەنگە يەتكەندە، ئىككى - ئۈچ كۆپكە تەرەققىي قىلدى. ھەبىبۇللا قارىنىڭ بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋالغانلىقى راست ئىدى. بۇ ئالتۇن ئون نەچچە يىل مۇقەددەم سېتىۋالغان ھويلا - ئىمارەتنىڭ ئاتخانىسىنى ئاشخانىغا ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى قىلىۋاتقاندا، ئوقۇر ئاستىدىن چىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ھەقدارلىرىنىڭ ھەممىسى ھەج سەپىرىدە قازاغا ئۇچراپ تۈگىگەنىدى. ھەبىبۇللا قارىم ئۇنى

مەھكىمە شەرتىگە تاپشۇردى. مەھكىمە شەرتىدىكىلەر بىچارە قارىمىنى ھەپتە-ئون كۈنگىچە ئاۋارە قىلدى، ھەتتا تېپىۋالغان غايىب خەزىنىنىڭ بارى شۇ ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلدۇردى. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن دوتەي يامۇلىنىڭ قوراللىق چېرىكلىرى بېسىپ كىردى. «ئاتخانىدىن ئالتۇن چىققان يەردە، مېھمانخانا-سارايلاردىن چىقماي قالامدۇ؟» دېيىشىپ، ھەممىلا يەرنى كولاپ قېزىۋەتتى، ساپ-ئوساق مېھمانخانا-سارايلارنى ئۆرۈپ چېقىۋەتتى. بىھۇدە چىقىم، ئاۋارىچىلىق، بەدنام-ھاقارەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن قارىم ئاخىرى: «راست گەپ قىلامدىغان، سازايى! سەممىيلىك قىلامدىغان، سازايى!» دەپ يىغلاپ كەتكەنىدى. نۇرىمان ئانا شۇندىن بۇيان مەھكىمە شەرتىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتتى. كېيىنكى يىللاردا تېپىۋالغانلىرىنى «بەشتە كاپالەت» ئائىلىلەرگە ئىشلىتەر دېگەن ئۈمىد بىلەن ئاھالە كومىتېت مۇدىرىغا تاپشۇرۇپ بەردى. مۇدىرمۇ ئەينى زامانلاردىكى ئىمام، ئىشان-سوپىلارغا ئوخشاشلا «ئىنسى-جىنغا تىنماسلىق»نى جېكىلەپ چۆنتىكىگە سالدى، «نۇرىمان ئاچا، ئانچە-مۇنچە ئۇچراپ تۇرۇۋاتقاندۇ-ھە؟ تەشكىلنى ئۇنۇتۇپ قالمايلىجۇمۇ!» دەپ جېكىلەيدىغان بولۇۋالدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئاچچىق چاڭ-توزاندىن باشقا ھېچنېمە چىقمايدىغان بولۇپ قالدى. مۇدىرمۇ مەجلىس، خالىسانە ئەمگەك، لەخمە كولاشلارغا ھەيدەۋەردى.

مانا ئەمدى نەق ئون سەر ئالتۇن ئۆز ئالقىنىدا تۇرۇپتۇ. ئالتۇن باھاسىنىڭ قانچىلىك ئۆرلەپ كەتكەنلىكىنى ئوبدان بىلىدۇ. نېمە قىلاي؟ ھەج تاۋاپ قىلىپ كەلسەم، كىشىنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئوقۇغاندەك بولۇپ قالامدىمەن-قانداق؟ ساۋابىنى شۈكرىخان موماىغا ئاتىسامچۇ؟ سالامەتلىكىم شۇنىڭغا يار بېرەرمۇ-قانداق؟ مەسچىت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تەقدىم قىلىۋېتەيمۇ-يە؟ ھەر مەھەللىدە ئىككى-ئۈچ مەسچىت تۇرسا...

سەيدۇللا مۇدىرنىڭ سۆزلىرى يادىغا كەلدى. «شۇ ئانىمىزنىڭ خەيرى-سەدىقىسى بولىدىغان بولسا، ھاياتلىق نېسىۋەم شۇ چاغدىلا ئۈزۈلگەن بولاتتى...»

— نۇرىمان ئانا!

— نۇرىمان ئانا!...

نۇرىمان ئانىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ئالتۇن قوڭغۇراقتەك جاراڭلىغان بۇ ئاۋاز — ئاقكۆڭۈل، سەممىي، كۆيۈمچان يەسلى باللىرىنىڭ ئاۋازى ئىدى، «مېھرىبان ئانا» دېگەن شەرەپكە مۇيەسسەر قىلغان ئارزۇلۇق نەۋرە-چەۋرىلىرىنىڭ ئۈمىدلىك ئاۋازى ئىدى. ئونلىغان جۈپ كۆزلەر ئۇنىڭغا تىكىلمەكتە، تەلمۈرمەكتە، تەلپۈنمەكتىدى. نۇرىمان ئانا تېتىكلەشتى. ھەمسايىلىرىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزوردا كۆرگەنلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى: ئەنە مەركىزىي شەھەرلەردىكى بەختىيار يەسلى باللىرى. ئۇلار شۇنچە كۆركەم، زامانىۋى ئويۇنچۇق ماشىنىلار بىلەن داۋانلار ئاشماقتا، دەريا-ئېقىنلار باغرىنى بۆسۈپ ئۆتمەكتە. خىلمۇ خىل ئايروپىلانلارغا ئولتۇرۇپ، ئاسمانپەلەككە ئۆرلىمەكتە، ئاي-يۇلتۇزغا قاراپ ئۆرلىمەكتە! بىزدىچۇ؟ يەنىلا شۇ قاپاق تېرەك شېخىدا ياسالغان كونا لىڭگىرتاختاق، ئاغامچىلىرىغا ئۇلاق سېلىنغان گۈلەڭگۈچ، قۇيرۇقسىز قىرچاڭغۇ ئات، ئەبجەقى چىققان ماشىنا-تراكتور ... چوڭ شەھەر باللىرىنىڭكىدەك ئويۇنچۇقلار بولىدىغان بولسا...

نۇرىمان ئانا كۆككە ئۆرلەۋاتقان بەختىيار نەۋرە-چەۋرىلەرنى تېلېۋىزور ئېكرانىدا ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدا كۆرگەندەك بولدى. دەرد-ھەسرەتلىرى ئۇنتۇلدى، ھاردۇقى چىقتى. يۇڭ پوفايكا يانچۇقىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ ھارۋىكەش يىگىتكە مۇراجىئەت قىلدى:

— بالام تېزرەك!

1986-يىل نويابىر، قەشقەر

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مادۇت



# جۇڭغار قەسىدىسى

ئارسلان

مەن كەلدىم نامىڭنى چاقىرىپ جۇڭغار،
يېشىللىق ئاسمانغا تۇتاشقان جايغا.

مەن كەلدىم چۈشۈمدە ماڭغاندەك مېڭىپ —
باققاندەك ئاق بۇلۇت ئۈستىدە ئايغا.

ئۈنۈمدە سېغىنىش، ئۈنۈمدە يىغان،
ئۈنۈمدە تىترەيدۇ شادلىق ـ ھاياجان.

مەن كەلدىم، مىسالى باقتىم ئانامغا،
سۆكۈتلۈك پىكىرلەر قوزغىدى قىيان.

يۈرىكىم تەلپۈنگەن ئارزۇلۇق ماكان،
توپاڭنى سۆيۈشكە بولدى بىر ئىمكان.
قارلىق تاغ يەلپۈتتى ئالتۇن شەپەقنى،

شوخ دەريا ئۇزاتتى زۇمرەت جام شۇئان.
ئەتىرە بۇي كېلىدۇ شاماللىرىڭدىن،
دالىلار مىسالى گۈلشەن قۇچىقى.

تاغلىرىڭ جامالى سىڭدى قەلبىمگە،
دەريالار شاۋقۇنى ئانا قوشىقى.

تاشلىدىم بوغداغا قانماستىن نىگاھ،
ئۇ ئوخشار شۇڭقارغا، ئوخشار تاۋۇسقا.

بۇلۇتنى يېرىشى شۇڭقار خىسلىتى،
گۈزەللىك سۈپىتى سىغماس قامۇسقا.

ئېدىرلار باغرىغا يامراپ كېتىپتۇ،
ئېقىنىدەك دولقۇنلار ئۇرغان ئېكىنزار.

قارىساڭ ئۇپۇققا تۇتاش يېيىلغان،

يەكەننىڭ ئەتلىسى پايانسىز رەڭدار.
پەلەكنىڭ قەرىدە چالىدۇ ناغرا،

چاقماقلار چاققۇچى بۇرغا ۋە بازغان.

تاغ تېشىپ يول ياسار باتۇر ئىشچىلار،
تاشلاردا قالغان ئىز مىسالى داستان.

جوتۇلار بىسىدىن چىققان ئوت گۈلى،
ئەسلىتەر شاپتۇلنىڭ چېچەكلىرىنى.

ئۆستەڭلەر، بۇلاقلار سېلىشىپ گىرە،
بېزەپتۇ كەڭ ۋادا ئېتەكلىرىنى.

يىللارنىڭ تېغىدىن ھالقىدى خىيال،
جەڭگىۋار قىسمىتىڭ كۆرۈندى سېنىڭ.

ھەر تېشىڭ، توپاڭنىڭ كەچۈرمىشلىرى،
شىپاسى، جانانى بۇ ياش جېنىمنىڭ.

كۆز سالسام ئۆتمۈشنىڭ يولى تۇمانلىق،
ئېيت جـۇڭغار كىم ساڭا كۆرسەتكەن نىشان؟

كىم سېنى يېتەكلەپ تۈنلەرنى يېرىپ،
كىم ساڭا بەردى نۇر، ھۆسن، شەرەپ-شان؟

چوققىلار ئىشارە قىلدى پەلەكنى،
قۇياشتىن خەلقىمنىڭ چېھرىنى كۆردۈم.

تارىملاپ چېچىلغان ئالتۇن ئاپتاپتىن،
جەڭلەردە ئاتقان تاڭ مېھرىنى كۆردۈم.

دولقۇنلار ئىشارە قىلدى قىيانى،
ئەقلىنىڭ كۆزىدە مەن كۆپىنى كۆردۈم.

ماناس دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىدا،
قان ئاققان پايانسىز ئاكوپىنى كۆردۈم.

جەڭ تۇغى لەپىلدەپ ئۆتتى ئالدىمدىن،
كارنايلار ئاۋازى كىردى قۇلاققا.

قىلىچلار جاراڭلاپ، ئاتلار دۈبۈرلەپ،
مىلتىقلار گۈمبۈرى كەتتى ئۇزاققا.

كېچىنىڭ يۇرۇشلەر، جەڭلەر شاۋقۇنى،
ئەجەلنىڭ سېزىمى، شۆھرەتلىك ھايات.
شەپقەتسىز قىساسنىڭ ئۆچمەس يالقۇنى،
قوزغىدى قەلبىمدە ئۆلمەس تەسىرات . . .
ئېتىزلار تاغلارنى قىلدى ئىشارە،
تاغلاردىن شېھىدلار قەددىنى كۆردۈم.
باتۇرلار قەبرىسىز كۆمۈلگەن جايدا،
ئانىلار زارىنى، قەلبىنى كۆردۈم.
جەڭچى كۆزىدىمۇ بولاقلار كۆزى،

جەڭچىنىڭ قېنىنى ئەسلەتەرچىچەك.
نامسىز مەردلەرگە تۇتتۇم مەن ھازا،
ئاۋازسىز كۈي ئوقۇپ ئۆكسۈدى يۈرەك.

ۋاپادار سۆيەكلەردىن كۆرۈنمەيدۇ ئىز،
تۇزلەپتۇ يىللارنىڭ كارۋان قاتارى.
ئەي جۇڭغاركۆكرىكىڭ ئەلنىڭ قەلبىمۇ؟
جاي ئاپتۇ قەبرىسىز ھۆرلۈك مازارى.

× × ×

ئەركىنلىك بۆشۈكى پايانسىز ماكان،
باتۇرلۇق شۆھرىتىڭ تارىختا ئايان.
ئۆتتۈشتى ئاپەتلىك ئېغىر يىللاردا،
ئازغۇنلار شەنىڭنى بۇلغاپ بىر زامان.

ئاخشامقى شۇ ئاپەت قىلىچلىرىدا،
چېپىلدى بۇ يەردە قانچىلىغان باش.
ماناس ئاكوپلىرىدىنىڭ قالدۇق ئىزلىرى،

يۆيۈلدى قان بىلەن يۆيۈلدى تۇتاش.
تۆكۈلدى ئاپپاق قار، ئۆيۈدى مۇزلار،
باتۇرلار ئىزىنى كۆممەكچى بولۇپ.

سۆيگۈنى، دوستلۇقنى بوغدى ئاسارەت،
شورلۇق ئەل ئۈستىدىن كۈلمەكچى بولۇپ.
قەلبىمدە جۇش ئۇرۇپ قايىنايتتى ھۆرلۈك،
ئۇلۇغۋار خەلقىنىڭ روھى ئۇخلىماس.
تۇتەك ۋە قانلاردىن يارالغان يولۇڭ،

تۇتەك ۋە قانلاردىن مەڭگۈ چۆچۈمەس.
ئاپەتلەر ئىچىدە ئۇلغىيار ئۈمىد،
ئاچچىق ياشلاردا بار غايە تاتلىقى.
ياشىدىڭ، كۈچەيدىڭ بوراندا جۇڭغار،
لاچىنغا بوراندا ھايات شادلىقى.

× × ×

تاغ ئاتلاپ، سۇ كېچىپ، قوينۇڭغا كەلدىم،
كېلىشىم ۋىسالنىڭ تەشنالىقىدىن.
جەڭلەردىك يالقۇنى گۈركىرىشىنى،
سىڭنالىم قىلىشقا ئاشنالىقىمدىن.
تۆۋلىدىم نامىڭنى جاپاكەش ماكان،
ئۈنۈمدە سېغىنىش، شادلىق، ھاياجان.

چۈشۈمدە ئەمەس، ياق، بەلكى ئوڭۇمدا —
كۆرگىنىم پەخرىدۇر سېنى ئانىجان.
سۆيگۈمنى تارتىدۇ خۇشبۇي باغلىرىڭ،

ئېدىرلار، قاپتاللار، جىمجىت ئورمانلار.
دەريا شاۋقۇنىغا سالىمەن قولاق،
ۋدىشكىلار ئاستىدا ئاقار قىيانلار.

بوغدا تىزمىسىنىڭ رىشتىسى تۇتاش،
ئالتاينىڭ ئالتۇنلۇق تاغلىرى بىلەن.
قارىسام ماناسنىڭ ئوينىاق دولقۇنى،

جور بولۇپ تارىمغا ئېيتار كۈي - ئۆلەڭ.
گوياكى سىپانىغان بىر نۇرانە يول،
سېنىڭدىن ئاتۇش ۋە قەشقەر دىلىغا.

قاشتېشى يۇرتىغا تۇتاش ئېتىزىڭ،
شامىلىڭ گۈل چاچار چۆچەك، ئىلىغا.
تۆۋلايتتىم پامىردا نامىڭنى جۇڭغار،

ئويلايتتىم قوينۇڭدا تۇغۇلسامچۇ دەپ.
سېنىڭدىن مەردانە كۈچ ئېلىپ، سەندە
ئۆتكۈزسەم ئۆمرۈمنى ئەمەس ھېچ ئەجەب.

نەدىسەن ئەي مېنى تۇغقان جان ئانام،
قايتا بىر تۇغساڭتىڭ مېنى مەشەدە.
تۇغساڭتىڭ بۇ ئەركىن مېھرىبان يۇرتتا،

ماناسقا ئالتۇن نۇر قونغان سەھەردە.
ئەگىنىمدە چۆپ ھىدى، پۇتۇمدا گىيا،
يۈرسەم يۇلتۇزلارغا يولداش بولۇپ مەن.
تىڭشىسام مەھەللە، ئۆيلەردە مۇقام،

يىراق ئۆتمۈشكە سىرداش بولۇپ مەن.
تۇغۇلسام، ئۆسسەم شۇ قىرغاق بويىدا،
دولقۇنلار بىلەن چىڭ گىرەسىلىشىپ.

چوققىلار كۆتۈرسە ئاسمانغا مېنى،
لاچىنلار قانىتىدا ئۆتسە سىيلىشىپ.

× × ×

مەن كەلدىم نامىڭنى چاقىرىپ جۇڭغار،
يېشىللىق ئاسمانغا تۇتاشقان جايغا.

مەن كەلدىم چۈشۈمدە ماڭغاندەك مېڭىپ —
باققاندەك ئاق بۇلۇت ئۈستىدە ئايغا.

1977 - يىلى، ياز

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




(تارىخىي ئۆبزور)

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## ئىسلامىيەتتىكى سوپىزىمنىڭ ئىلاھىيەت قارىشى ۋە ماھىيىتى توغرىسىدا

سوپىزىم (تەسەۋۋۇپ) ① — ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىنى ۋە كائىناتنىڭ مەۋجۇد بولۇشىنى يەككە مەۋجۇدىيەت چۈشەنچىسى بىلەن بايان قىلىدىغان مۇرەككەپ، دىنىي پەلسەپىۋى ئېقىمدىن ئىبارەتتۇر... كېيىنكى زامانلار چۈشەنچىسىدىكى ئۆلىمالىرىمىزدىن موللا مۇھەممەد ھۈسەيىن كۆچارى بىلەن موللا توختى خەلىپەت قەشقەرلىكلەرنىڭ ھىجرىيە 1226 - يىلى قەشقەردە بىرلىشىپ يېزىپ قالدۇرغان «تەزكىرە پىر ياران» (پىر يارانلار بايانى) دېگەن پارىسچە قول يازمىسىدا بۇ ئېقىمنىڭ كېيىنكى زامان يەشمە تەرىپىنى مۇنداق تەرىپ قىلغان (چۈشەندۈرگەن): «سوپى يارانلار: بۇ ئالەم جۈملىدىن بۇ ئالەمدىكى جەمئىي مەۋجۇدات (جانلىق، جانسىز تەبىئەتنى دېمەكچى — ئا) شەك - شۈبھىسىز ئاللاھقىلا خاستۇر، ئىنسان ئەنە شۇ مەۋجۇداتتىكى تىرىكلىكتىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يارىتىلىشى بىلەن تىرىكلىك جەريانى پەقەت ئۇلۇغ ئاللاھقا بىرىكىپ كېتىش، ھەمدۇ سانا ئېيتىش، مۇتلەق، دائىما، شەك - شۈبھىسىز قۇلچىلىق قىلىپ تۇرۇش، تۇۋا - ئىستىغپاردىن خالى بولماسلىق ئۈچۈندۇر... ھەر بىر بەندىنىڭ تەقدىرى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىلكىدىن ھاسىل بولىدۇ. يەنى «ئەل تەقدىرۇل ۋەل قەلەم» (بەندىنىڭ تەقدىرى، زۇۋۇلىسى ئۆزى يارىلىشتىن بۇرۇن ئاللاھ تەرىپىدىن ئاللىقاچان پېشانىسىگە پۈتۈپ قويۇلغان بولىدۇ، دېمەكچى — ئا) دۇر. «ئاللاھتىن بېئىزنى (ئاللاھنىڭ دىققىتىسىز) قىل تەۋرىمەيدۇ...» دېگۈچى ماشايىقلار (چوڭ ئىشانلار — ئا) دۇر ...»

دېمەك، سوپىزىم ئېقىمى — شەك - شۈبھىسىز بىر يۈرۈش خۇداكويلىق نۇقتىئىنەزەرلەر ئېقىمىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يولغا قويىدىغان ۋە داۋام ئەتكۈزىدىغان ھەرىكەت قىبلىنامىسى: مۇسۇلمانلارنى دائىما ئاللاھ تەرەپكە، ئاللاھقا مەنسۇپ ئىشلار تەرەپكە تەكەللۇپسىز مايىل قىلىش، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە، ئاللاھ ئاتا قىلغان تەقدىرى ئۆلچەمەرگە بويسۇندۇرۇش، دائىما ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرىدىغان، ئاللاھقا مەن-



-ۇپ بولمىغان مۇھەببەت ۋە ھەرىكەتنى قوزغايدىغان ھەر قانداق ئامىل ۋە ھەۋەسلەردىن خالى، پاك تۇرىدىغان، شەخسىي راھەت، مەنپەئەتنى ئويلىمايدىغان، شەخسىي غەرەزلەردە بولمايدى- غان قىلىپ تەربىيىلەش، ئادەتتە، تەلەندۇرۇشتىن ئىبارەتتۇر.

سوپىزمنىڭ تارىختىكى ئىجادچىلىرىدىن بىرى- مىلادى 12 - ئەسىردە ياشىغان بەلخلىق مەشھۇر سوپى خوجا ئەھمەد يەسەۋىنىڭ «... دۇنيانىڭ نازۇ- نېمەتلىرىدىن ئىزدىگەن سوپى ئەمەس، ئۆز ھاياتىنى بەختسىزلىك ۋە غۇربەتتە تائەت- ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزگەن كىشى ھەقىقىي سوپى- دۇر...» دېگەن تەلىمى بۇ پىكىرىمىزنىڭ تارىخىي مىسالىدۇر.

بۇ مەزھەپنىڭ تۈپ ماھىيىتى توغرىسىدا تارىخشۇناس ئى. ئا. كىرىۋلوۋ «دىن تارىخى» دېگەن كىتابىدا توختىلىپ بۇنداق يازغان: «بۇ سېستىما شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن تەشكىللەنگەنكى، ئۇنىڭدا بىرلا مەقسەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ، يەنى مىڭلىغان، يۈز مىڭلىغان قارىسىغا ئىشىنىدىغانلار ۋە چوقۇنىدىغانلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرى تېۋىنىدىغان ئىمامىغا ھەم ئۇنىڭ قەۋملىرىدىن بولغان تەرغىباتچىلىرىغا ھېچقانداق شەرتسىز ئىتائەت قىلىدىغان قىلىپ ئادەتلەندۇرۇش. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلارغا ئېتىقاد قىلغۇچى ئامما بىر ئوچۇم ۋىجدانسىز شۆھرەتپەرەسلەر قولىدىكى قارىغۇ قورالغا ئايلاندۇرۇلىدۇ.» شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۇ مەزھەپ تەلىماتى ۋە ئۇنىڭ تەشكىلىي ئاپپاراتى ئۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى ۋىجدانسىزلارچە ئالداشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداق ئىكەن، سوپىزم ئىنسانلارنى بۇ ئالەمدىن مەڭگۈ تەركىي دۇنيا ھەم ئەبەدىي مۇتەئەس- سىپ ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدىغان، باشلايدىغان، مەۋجۇد ئالەم مۆجىزىلىرىنى، ئىجتىمائىي تىرىك- چىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقىيەتنى ئاتالمىش «ئاخىرەت» «مىزانى» بىلەنلا ئۆلچەيدىغان، ھاياتقا، يېڭىگە زىد، تارىختا پەيدا بولۇپ، تارىختا يوقالغان خىيالىي خۇ- دايى قۇلچىلىق تەسەۋۋۇرەت ئېقىمىدىن ئىبارەتتۇر.

## سوفىزمنىڭ تارىختا پەيدا بولۇش جەريانى توغرىسىدا

سوپىزم مەزھىپىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا پەيدا بولۇش، تارقىلىش، كېڭىيىش جەريانلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا ئائىت تارىخىي ۋەقەلەرنى قىس- قىچە ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ.

مىلادى 632 - يىلى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ساھابىلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەرنىڭ ئورنى (ئىز باسارلىقى)نى يەنى خەلىپىلىكنى تالىشىش كۈرىشى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈرەشلەر نەتىجىسىدە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ دەسلەپكى ساھا- بىلىرىدىن بولغان ئابابەكرى بىرىنچى قېتىم خەلىپىلىكنى ئىگىلەيدۇ. بۇ چاغدا مۇھەممەد پەيغەم- بەرنىڭ كۈيئوغلى ھەم بىر نەۋرە ئىنىسى ھەزرىتى ئەلى: «پەيغەمبىرىمىزگە ئۇنىڭ ئۆز ئەۋلادلىرى ۋارىسلىق قىلىپ خەلىپىلىككە ئولتۇرۇشى كېرەك» دەپ قاراپ، ئابابەكرىنىڭ خەلىپە بولۇشىغا قارشى چىقىدۇ ۋە ئاخىرى ئۈچىنچى قېتىم خەلىپىلىككە ئولتۇرغان ساھابە ئوسماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، خەلى- پىلىكنى ئىگىلەيدۇ، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئەڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن بولغان

① بۇ ئاتالغۇ تارىختا ئەرەبلەردە «سوپى»- «سوپپىيە»، پارسلاردا «ئىشان»، «ئىشانىزم» مۇسۇلمان ھىندىلاردا «ئەۋھاھى ئىسلام» (ئىسلام تەرىقىتى)، يەنە باشقا بەزى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا «باتىن» - «باتىنىزم»، «دەستارىيە»، ئوتتۇرا ئاسىيا جۈملىدىن شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «خوجىلار مەزھىپى»، «پىرلىق يولى»، «سەئىد» لىك، «خۇپىيانە ئىبادەت» يولى دېگەندەك نام-ئاتاقلار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بەزى ئىجتىمائىي پەنچىلەر بىلەن دىنشۇناسلار بۇ ئاتالغۇنى «سوپىزم» نامى بىلەن ئاتاپ كەلمەكتە.

ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ (ئۇلار مۇھەممەد پەيغەمبەر بىلەن بىر نەسىل نەسەب ئەمەس ئىدى) تەرەپدارلىرىغا قارشى ئەلى پەرەستلەرنىڭ «شىئەئەلى» تەشكىلاتىنى قۇردى. بۇ تەشكىلات پەيغەمبەر هايات ۋاقتىدا «چاھارىيار»لىق سەلتەنەتىدە بولغان تۆت ساھابىدىن ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمانلارنىڭ «چاھار يار»لىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. يۇقىرىقى ئۈچ ساھابىنىڭ تەرەپدارلىرى ۋە مىلادى 661 - يىلى كۇففە دېگەن يەردە ھەزرىتى ئەلىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، «شىئە»چىلەرگە قارشى ئۆزلىرىنىڭ «سۈننىي» نامىلىق تەشكىلاتىنى قۇردى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئورنىنى تالاشقان ئوغلى ئىمامى ھۈسەيىنمۇ يەزىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. يۇقىرىقى ۋەقەلەردىن ئېتىبارەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا خەلىپىلىك تالىشىشنى چۆرىدىگەن مەزھەپ كۈرىشى شەكىللىنىپ بارغانسېرى ئۆلغىيىپ كېتىدۇ، مۇرەسسەسىزلىشىدۇ. بارا - بارا بۇ ئىككى تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى قاتلام دىنىي يېتەكچىلىرى ئارىسىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ هايات ۋاقتىدىكى تەلىماتى (قۇرئان) بىلەن ئىسلامنىڭ پەيغەمبەر تەكىتلىگەن ئەھكام، ئۇقۇم، پرىنسىپ، ئەنئەنىلىرىنى ھەركىم ئۆز مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ بىر - بىرىگە زىد تەپسىرلەيدىغان، چۈشەندۈرىدىغان، ئەمەل قىلىدىغان چوڭ مەسىلە كېلىپ چىقىدۇ. «شىئەئەلى»چىلەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننى شەرھىلەشتە: قۇرئاننىڭ «باتىن» (ئاخىرەتلىك، يوشۇرۇن) ھەم «زاھىر» مەنىلىرى بار. «باتىن» مەنىسى بەندىلەرنىڭ شەرتسىز، شەك - شۈبھىسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ دەۋا قىلىشىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈ «ھەقىقەت» سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادلىرى ھەزرىتى ئەلى قاتارلىقلارنىڭ هايات ۋاقتىدىكى سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن «ئەخبار»نامىلىق چوڭ كىتابىنى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرئان بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پرىنسىپلىرىنى مۇشۇ نۇقتىغا مەركەزلەشتۈردى. «سۈننىي»لەرنىڭ چوڭ ئۆلىمالىرىمۇ قۇرئاننى شەرھىيلەشتە: قۇرئاننىڭ «زاھىر»، «باتىن» مەنىلىرى بار، «زاھىر» مەنىسى ـ بەندىلەرنىڭ شەرتسىز ھەم شەكسىز ئەمەل قىلىشىغا قارىتىلغان، دەپ دەۋا قىلىشىپ، بۇ قاراشلىرىنى مۇستەھكەم، مەڭگۈ ھەقىقەت سۈپىتىدە ئاساسلاش ئۈچۈن، مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى ساھابىلىرىنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن «سۈننىي» نامىلىق چوڭ كىتاب (قۇرئان تەپسىرى)نى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرئان بىلەن يانداش ئورۇندا قويۇش ئارقىلىق ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئەنە شۇ نۇقتىغا يىغىنچاقلايدۇ. شۇنداق قىلىپ «شىئەئەلى»لەرنىڭ ئۆلىمالىرى قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسىنى ئاساس قىلىپ، «زاھىرى» دۇنيادىكى ئىجتىمائىي بارلىقنى (ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي كۈرەش، پائالىيەتلىرىنى) «باتىن ئالەم» ئۈچۈن، ئۇ «دۇنيا» ئۈچۈن بولغان خۇدايى قۇلچىلىق دائىرىسىدىن چىقىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بىلىپ ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ ئىختىيارىدىكى بىقۇۋۋەل ئۆتكۈنچى مەخلۇق دېگەن دەۋالىرىدا چىڭ تۇرۇش يولى ئارقىلىق، ئۆز مەۋقەلىرى بويىچە تۇتقان يولىنى «ئەھلى تەرىقەت» (تەركىي دۇنيالىق يولى) دەپ ئاتاشقا باشلايدۇ. «سۈننىي» چىلەرنىڭ پېشىۋالىرىمۇ قۇرئاننىڭ مەۋجۇد ئالەم توغرىسىدىكى ھەقىقىي، يېگانە دەستۇر ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، كائىنات ھادىسىلىرىنى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي، ئىجتىمائىي غايە، كۈرەش، ئىنتىلىشلىرىنى (ئاللاھنىڭ مەۋجۇد دۇنيانى بەندىلەر ئۈچۈنلا ياراتقانلىقىنى)، ئاخىرەتنىڭ («باتىن» ئالەمنىڭ) «زاھىرى» ئالەم ئۈچۈن قوشۇمچە ئۇقۇم ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇقىم مەۋقەلىرىنى (يولىنى) «ئەھلى شەرىئەت» (زاھىرى ئالەم يولى) دەپ ئاتايدىغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام ـ «شىئە»، «سۈننىي» مەزھەبلىرى بويىچە ئىككىگە پارچىلىنىپ كېتىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەملەشكەن مۇسۇلمان قەۋملىرى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى بايراق زىلاسىغا بۆلۈنۈپ (ئۈيۈشۈپ) ئىچكى جاڭجال، مەزھەپ ئۇرۇشلىرىنىڭ قۇربانلىرىدىن بولۇشقا يۈلىنىدۇ. بۇ ئىككى مەزھەپ

ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى ئۆتكۈرلىشىپ، قانلىق ئۇرۇشلارغا سەۋەب بولىدۇ.

## تۇنجى تۈركۈم «سوپى - زاھىد»لار گۇرۇھىنىڭ ئىراندا پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدا

مىلادى 8 - ئەسىرگە كەلگەندە «شىئە ئەلى»لەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئىراندا تۇنجى قېتىم مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى — بەشىنچى ئىمام زەئىد ئىبنى ئەلىنى بايراق قىلغان بەنى هاشىم خەلىپىلىكى (پادىشاھلىقى) تىكلىنىدۇ. بۇ ھاكىمىيەت ھۆكۈمرانلىرى ئۆز ھاكىمىيىتىنى ئىلاھىي ۋە دۇنياۋى ھاكىمىيەت ھېسابلايدۇ ھەم خەلىپىنى «ئىلاھىي شەخس» دەپ بىلىدۇ. ئۇ، مەيلى زالىم بولسۇن، مەيلى ئىستىبدات بولسۇن خەلق ئۇنىڭغا ھامان شەرتسىز بويسۇنۇشى كېرەككى، ھېچ كىمنىڭ ئۇنىڭغا قارشى چىقىشىغا ھەققى يوقلۇقى توغرىسىدا تەقىپ خاراكتېرلىك پەرمانلار چىقىرىلىدۇ. خەلىپىلىك پەۋقۇلئاددە ئىستىبداتلىشىدۇ. خەلق ئۈستىدە زۇلۇم كۆپىيىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ ھاكىمىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلام پېشىۋالىرى ئارىسىدا ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، تارقىلىش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىپ تۇرۇشى نەتىجىسىدە پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىدىن چوڭ ھوقۇقنى يەنىلا كىم ئىگىلەش مەسىلىسى كېلىپ چىقىپ، «شىئە»لەر ئارىسىدىكى دەسلەپكى بىر مەزگىللىك بىرلىك پارچىلىنىپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كېلىدۇ. بەنى هاشىم بۇ خىل ۋەزىيەت ئىچىدە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئەبەدىي ساقلاپ تۇرۇش مەقسىتى بىلەن ئۆز قەۋملىرى ئارىسىدىن (ئۆزىگە شان - شەرەپ كەلتۈرگۈچى «ئىشان» ۋە قەيسەر تەقۋادار «شىئە» لەر)دىن «سوپى - زاھىد» (تەرىقەت تەقۋادارلىرى) «پىرقە»سى (پارتىيىسى)نى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ «پىرقە»نىڭ ئەزالىرى تارىختا «بەنى هاشىم سوپى-زاھىدلىرى» ياكى «سوپى هاشىملەر» نامى بىلەنمۇ ئاتىلىپ كەلمەكتە. «تەزكىرە پىرياران»دا «سوپى - زاھىد»لار توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «ھەزرىتى بەنى هاشىم- ھەزرىتى خوجام رەسۇلۇللا (مۇھەممەد پەيغەمبەر — ئا) نىڭ بۇ ئالەمدىكى ئۈممەتلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن بىردىنبىر ئەۋلادى، بەرھەق ۋەكىلى ئىدى، ئەھلى ئىسلامنىڭ پاناھى، ئىقلىمگىرى (جاھانگىرى — ئا) ۋە نىجادچىسى ئىدى. شۇڭا خوجام، رەسۇلۇللانىڭ مۇبارەك ئىسىم - سۈپەتلىرىنى ئۆزىگە خاس تۇتۇپ، لىباس ئېھرام (مۇھەممەد پەيغەمبەر ھايات ۋاقتىدا ئىمامەتچىلىك قىلغاندا تاشقى كىيىمى ئۈستىدىن يۆگىنىپ ئالىدىغان ئاق رەخت — ئا) كىيىپ، مۇرىتلىرى بولسا «لىباسى تەۋەررۇكات» كىيىشىپ، باشقىلاردىن ئۇلپاز، تۇرۇق، سالاپەت، سۈپەت پەرقلىرى بىلەن پەرقلىنىپ، ھۆرمەت دەرىجىلىرى بويىچە سوپىزاتلىق تەلقىنلىرى (ئىبادەت مەۋقەلىرى)دە تۆۋە ئىستىغپارنى تىللىرىدىن چۈشۈرمەيتتى...»

بىزگە مەلۇمكى، بۇ يەردە ئېيتىلىۋاتقان «لىباسى تەۋەررۇكات»، «ئۇلپاز»، «تۇرۇق»، «سالاپەت»، «سۈپەت» دېگەن سۆزلەر مۇھەممەد پەيغەمبەرچە كىيىنىپ، سالاپەتلىنىپ، ئۆزىنى تۇتۇپ، يۈرۈش - تۇرۇش، مەشغۇلات قىلىپ (پەيغەمبەرگە ئوخشاپ) تۇرغۇچىلار دېگەنلىكتۇر. بەنى هاشىم سوپىلىرى مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەينى چاغلاردا (مىلادى 600 - يىلدىن 632 - يىلغىچە) تىجارەت ۋە پەيغەمبەرلىك پائالىيەتلىرىدە بولغاندا كىيىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن تۆگە چەكمىنىدىن تەييارلانغان ياقىسىز، قوش ئېتەكلىك ئۇزۇن مەللە توننى «لىباسى تەۋەررۇكات» دەپ ئاتىشىپ، شۇ خىل رەختتە، شۇ خىل كىيىنىشنى ئۆزلىرىنىڭ سوپىلىق بەلگىسى قىلىپ ئېلىشقان ھەم ئۆزلىرىنىڭ مىجەز، تۇرۇق ۋە تۇرمۇش شەكىللىرىنىمۇ ئۆزلىرىچە «پەيغەمبەرچە ئەخلاق»، «پەيغەمبەرچە ئۇلپاز-مىجەز»، پەيغەمبەرچە «تۇرۇق - سالاپەت»كە «بولغۇچىلار» قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغۇچى تۇنجى سوپىلار تۈركۈمىدۇر. تارىختا بىرىنچى قېتىم شۇ شەكىلدە پەيدا بولغان، ئۆزلىرىنى «بەرھەق

پەيغەمبەر ئەۋلادى ــ سەئىد» نامى بىلەن نىقابلىنغان بۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە كېيىنكى زامانلارغىچە ھەتتا ھازىرقى زامانلارغىچە پەيغەمبەرنىڭ نام، سۈپەتلىرىنى ئەكسىچە سۈيئىستېمال قىلىدىغان، ئىشلىمەي چىشلەش (دىنىي نىقاب بىلەن دۇئاكويلۇق، ئالدامچىلىق، ھىلىگەرلىك بىلەن تىرىكچىلىك قىلىش)نى كەسىپ قىلىۋالغان، ئىسلام ئەقىدىلىرىنى دەپسەندە قىلىپ يۈرۈۋاتقان ھارام تاماق سوپىلارنىڭ تۇنجى «پىر» (ئۇستاز)لىرىدىن ئىبارەتتۇر.

مىلادى 9 ـ ئەسىردە بەنى ھاشىم خەلىپىلىكى مۇسۇلمان قەۋملىرى (ئاساسەن «سۈننىي»لەر)نى ئۆز بايرىقى ئاستىغا توپلىغان ئەرەب پادىشاھى خەلىپە ئابدۇل مۆلۈك قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلىنىدۇ. بەنى ھاشىم گۇرۇھىغا ئەگەشكەن مۇھەممەد پەيغەمبەر ئەۋلادلىرى بىلەن ئەلى ئەۋلادلىرى قىرغىن قىلىنىدۇ، زىندانلارغا تاشلىنىدۇ، تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل پاجىئەلىك قىرغىنىدىن چۆچۈگەن بەنى ھاشىم سوپىلىرى ئىراندىن دۇنيانىڭ ھەر قايسى مۇسۇلمان رايونلىرىغا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىگە قېچىپ كېتىشىدۇ. بۇ خىل ھالەت، مەزھەپ ئۆرۈشلىرى توختىماي، يېڭىش ـ يېڭىلىش. چىقىش ـ چۈشۈش بويىچە دائىم تەكرارلىنىپ تۇرغان تارىخىي زامانلار جەريانىدا تەكرارلىنىۋېرىدۇ. ئۆز ھەرىكەتلىرىدە مەغلۇپ بولغان تەرسا سوپىلارنىڭ قېچىپ كېتىش نۇقتىلىرى يەنىلا يۇقىرىقى جايلاردىن ئىبارەت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن قاچاق سوپىلار بارغان ـ تۇرغان يەرلىرىدە يەنىلا ئۆز ھەرىكەتلىرىنى زادىلا توختاتمايدۇ.

8 ـ ئەسىردىن 10 ـ ئەسىرگىچە بولغان تارىخىي جەريانلاردا شىرۋان (ئىراننىڭ ھازىرقى ئەزەربەيجان رايونى)، بەسرە (ئىراقنىڭ بىر رايونى)، پارس (ئىراننىڭ بىر ئۆلكىسى)، شىراز (ئىراننىڭ قەدىمكى شەھەرلىرىدىن بىرى)، ھەمەدان (ئىراننىڭ غەربىدىكى بىر شەھەر)، ھىرات (ئافغانىستاننىڭ بىر شەھىرى)، ھازىرقى سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن، مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىيە، ماراكەش، بەھرەيىن، بۇخارا، سەمەرقەند... قاتارلىق جايلاردا ئاشكارا، يوشۇرۇن، ھەر خىل نام، شەكىللەر بىلەن ھەرىكەت قىلىۋاتقان نۇرغۇن چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرى پەيدا بولىدۇ ۋە بارا ـ بارا بىر بىرىگە قوشۇلۇپ (مەلۇم چوڭ ماشايىخلار يېتەكچىلىكىگە بېرىكىپ) دىنىي، ئىجتىمائىي كۈچلەر سۈپىتىدە سوپىلىق تەرىقىتىنى كېڭەيتىش كۈرەشلىرىنى قانات يايدۇرۇشىدۇ. بەزى ئىسلام تارىخلىرىدا «قەۋمى سۇلۇك داھىلىرى» نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن سوپى ھۈسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج، شېيخ نەجمىدىن باغدادى، يۈسۈپ ھەمەدانى، خوجا ئابدۇخالىق، سانايى، ئەتتارى، رۇمىي... پىرقىلىرى ئەنە شۇ خىل سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ بۆلۈنمە نامىلىرىدۇر. بەزى مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرگىچە خاس ئاسىيالىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدىلا بىر ـ بىرىگە باغلانمىغان چوڭ ـ كىچىك سوپى ـ زاھىدلار گۇرۇھلىرىنىڭ يوشۇرۇن، ئاشكارا سۇلۇكلىرى 99 غا، «پىر»لىرى 101 گە يەتكەنلىكى مەلۇمدۇر.

## سوپىزىم ئىسلامىيەت دۇنياسىدا مەنئى قىلىنغان مەزھەپتۇر

مىلادى 8 ـ ئەسىردىن 12 ـ ئەسىرلەرگىچە بولغان تارىخىي زامانلار ئىچىدە بەزى مۇسۇلمان يۇرتلىرى (تۇنجى قېتىم ئىران)دا پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي سېستىمىلىشىش، جامائەتلىشىش ئارقىلىق ئىسلام مەزھەپلىرى تەركىبىگە قىستۇرۇلۇپ، ئايرىم مۇسۇلمان قەۋملىرىنىڭ سەجدە ئىخلاسلىرىدا ئېتىقاد شەكلىگە كىرگەن سوپىزىم ــ كېيىنكى چاغلار (تەخمىنەن مىلادى 12- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان چاغلار)دا ئايرىم مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا ئىسلامىيەتنىڭ بىر پۈتۈن ئومۇمىي ئىناۋىتىگە، بىرلىكىگە ۋە قۇرئان ئەقىدىلىرىگە زىت سادىر قىلغان بەزى قىلمىشلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىپ، دۇنياۋى ئىسلام مەھكىمىلىرى بىلەن ئىسلام دىن ئۆلىمالىرىنىڭ قاتتىق ئەيىبلەشلىرىگە دۇچ كەلگەن ھەم قارىلانغانىدى.

سوپىزمنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئىسلام ئىناۋىتىگە، بىرلىكىگە، قۇرئان ئەقىدىلىرىگە زىت سادىر قىلغان قىلمىشلىرى ئومۇمەن مۇنۇ نۇقتىلارغا مەركەزلىشەتتى:

سوپىزم يېتەكچىلىرى ئەزەلدىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ «پەيغەمبەر ئەۋلادى (ئىمام)»دېگەن تەمەننا ۋە نوقۇل تەرىقەت بېكىمچىلىكى مەۋقەلىرىنى چىقىش قىلىپ، قۇرئاننىڭ «باتىن» مەنىسى بويىچە ئىسلامنى تەرىقەتلەشتۈرۈش، مۇسۇلمانلارنى سوپىلاشتۇرۇش مەقسىتى يولىدا شۇ زامانلاردىكى ئىسلامىيەتنىڭ قانۇنلۇق داھىلىرى (ئىسلامغا قۇرئان بويىچە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان يېتەكچى ئۆلىمالار) قولىدىن ئىسلامىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كۈرەشلىرىنى زادىلا توختاتمىغانىدى. بۇ كۈرەشلەردە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئورنىنى كۆتۈرۈش («دىنىي داھىي» لىق، «پىر» لىق مەرتىۋىلىرىنى تىكلەش)، ئۆزلىرىنى چۆرىدىگەن «دىنىي مەركەز» لەرنى بەرپا قىلىش ئارقىلىق ئۆز ئارقىلىرىدىن ئەگەشكۈچى كۆرەشچى مۇسۇلمان گۇرۇھلىرى (سوپى مۇرىتلىرى) نى ئۇيۇشتۇرۇش ھەم بۇ كۈچلەردىن ئۆز مەقسەتلىرىنى ئورۇنلاش يولىدا ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇلار يەنە «دىنىي داھىي»لىق، «پىر» لىق دەرىجىلىرىگە كۆتۈرۈلۈش مۇددىئالىرى بىلەن ئۆزلىرىچە قۇرئان ۋە ئىسلام شەرىئىتىدە ئالللىقاچان مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئەمەل قىلىش مىزانى، ئەنئەنە پىرىنسىپى بولۇپ كەتكەن بەزى دىنىي ئەھكام، ئەركانلار (دىنىي پىرىنسىپ، مەجبۇرىيەت، قائىدە، ئەنئەنىلەر) دىن ۋە قۇرئاندا تەكىتلەنگەن ئايەتلەردىن چەتنەپ، بەزى غەيرىي دىنلارنىڭ يەنى بۇددا، ھىندى - بىراھمان، يەھۇدى دىنلىرىگە مەنسۇپ سوپىزمچىلارنىڭ ① نەرسىلىرىنىمۇ ئىسلام دىنىغا ئارىلاشتۇرۇۋېلىپ ياكى ئىسلامدا يوق نەرسىلەرنى بار قىلىپ، بار نەرسىلەرنى يوق قىلىپ (قۇرئاندىكى نۇرغۇن ئايەت، ھەدىسلەرگە ئۆز قاراشلىرى بويىچە مەنا بېرىپ ۋە ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ يېڭىچە نۇقتىئىنەزەرلىرىنى سىڭدۈرۈپ)، ئۇنى بىر خىل «دىنىي تەلىمات» شەكلى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي مەركەز» لىكىنى تىكلەش ھەرىكەتلىرىدە بولۇشقانىدى.

19 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان مەشھۇر شەرقشۇناس ئالىم سۇلتان باي ھاجىم (قاغىلىق ناھىيە گوساس ئازغانساللىق ئۇيغۇر) ئىسلام دۇنياسىدا تۇنجى قېتىم سوپىلىق «تەلىمات»ىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان «خوپپە سۇلۇكى»نىڭ ئىجادچىسى، شاملىق مەشھۇر سوپى بەنى ھاشىم«سۇلۇكى» توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق يازغان: «... تارىختا سۇلۇك يولىدا يۈرگەن (سوپىلىق يولىنى تۇتقان دېمەكچى - ئا) تەرىقەتچى ماشايىخلار ئۆزلىرىنى ‹پىر› (دىنىي يېتەكچى - ئا) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار قۇرئان كىرىمنىڭ ‹... مۇسۇلمان بەندىلەر ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پەيغەمبىرىمىنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىگە ئەقىل - پاراسەتلىرى بىلەن قايىل بولۇشى، ئىمان كەلتۈرۈشى، ئىبادەت بىجا قىلىشلىرى زۆرۈردۇر...› دېگەن تەلىمىنى ‹... ئىمان - تىل ھەم دىل بىلەن تەستىقلاش، بەدەن بۆلۈكلىرى بىلەن ئورۇنلاش يەنى ئىمانغا بەدىنى بىلەن كىرىشتۇر...› دېگەن «تەلىم» گە ئۆزگەرتىپ، «ئىنسان پەقەت جىسمانىي بەدىنى (مەۋجۇتلۇقى) بىلەنلا ئىنساندۇر، ئىنسان بەدىنىنىڭ ھەر بىر بۆلۈكى ھەر ئىككىلا ئالەمدە ئىنسان ۋابال- ساۋابىنىڭ شاھىدى، ئاجرالماس ھەمراھىدۇر» دېگەن كۆز قاراشلىرىنى ئاساس قىلىپ، «پەتىۋا» لىرىغا يەنى ئۆز «ئۇلۇغ» لىرىنىڭ

① سوپىزم ئىسلام دىنىدا بولغانىدەك يەھۇدىلار دىنىدىمۇ بولغان. شۇنداقلا سوپىزمنىڭ ھىندىستاندىمۇ بىراھمان دىنىنىڭ پەلسەپە تەسىرىدىكى ھەر خىل شەكىللىرىدىمۇ بولغان. بۇددا دىنىدىمۇ سوپىزم كۆز قاراشلىرى ۋە ئۇنىڭ ھەر خىل شەكىل، مەزمۇنلىرى بولغان.

(يېتەكچىلىرىنىڭ) مىيىت ــ جەسەتلىرىنى «تەن ئاساس»، «تەن مەڭگۈ»، ئۆزلىرى ئۈچۈن «مۇقەددەس مازار»، «مۇقەددەس ئۇلۇغ مۆجىزات» قىلىپ تۇرغۇزۇپ، ئاللاھقا بولغان مۇسۇلمانچىلىق قەرزلىرىنى شۇ خىل «مازار»، «مۆجىزات»لارغا سەجدە قىلىش، ئۆز مۇرىتلىرىنى سەجدە قىلدۇرۇش، بىلەنلا تۈگىگەن قىلىشاتتى. بۇ خىل قىلمىش تۈپ نىيەتتىن ئالغاندا «خۇدادىن خۇدالىق»، «پەيغەمبەردىن پەيغەمبەرلىك» دەۋا قىلغانلىق، ئاللاھ بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدا مۇھەممەد پەيغەمبەردىن باشقا يەنە بۆلەك «ۋاسىتىچى زات» پەيدا قىلغانلىق ئىدى... بۇ بىر «كاززاپ» لىق بولاتتى.»(مۇئەللىپ بۇ سۆزنى مۇھەممەد پەيغەمبەر هايات ۋاقتىدا «كاززاپ» ئىسىملىك بىر ئەرەبنىڭ پەيغەمبەردىن«پەيغەمبەرلىك» دەۋاسى قىلغان قىلمىشىنى نەزەردە تۇتۇپ قىلغان ــ ئا).

بىزگە مەلۇمكى، قۇرئان: ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا «يەنە بىر زات بار» دېگەننى قەتئىي رەد قىلىدۇ. بارلىق «مۇقەددەس مۇرىت»، «مۇقەددەس مازار»، «مۇقەددەس مۆجىزات» دېگەنلەرگە «تاۋاپ» قىلىشقا قارشى تۇرىدۇ. بۇ خىل «تاۋاپ» قىلىشلارنى ــ بۇتقا سەجدە قىلىشنىڭ دەل ئۆزى، ئاللاھنىڭ مۇتلەق نوپۇزىنى تۆۋەنلەتكەنلىك، ئەۋلىيالار، ساھابىلار، دانىشمەنلەرنىڭ تۇپا - تۇپراقلىرىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىپ مەغپىرەت تىلەش، ئاللاھئالدىدا گۇناھ ئۆتكۈگەنلىك...، تۇپراق بېشىغا قەبرە قاتۇرۇش، گۈمبەز ياساش قاتارلىقلارنى بىردەك ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك، دېگەن تەشەببۇسى بىلەن ئۆز ئېتىقادچىلىرىنى ئاللاھنىڭ بىرلىكى، پەيغەمبەرنىڭ بەرھەق ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇشقا دالالەت قىلىدۇ. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدا مۇنداق گۈمبەز، قەبرە ياساشلار يوق ئىش بولۇپ، پەقەت قەبرە بېشىغا تاش قويۇپ بەلگە قىلىپ قويۇلاتتى. بۇ قەبرىنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنلا بولاتتى...

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا كۆرسىتىلىشىچە: كېيىنكى دەۋرلەردە قەبرىلەر ئۈستىگە تۈرلۈك بىنالارنى سېلىش ۋە تۈرلۈك نەقىشلەرنى ئويۇش ئىشلىرى پەيدا بولۇپ، بۇ نەرسىلەر قارىغان ئادەمگە خۇددى بۇتقا ئوخشاشلا كۆرۈنەتتى... مېيىتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ قەبرە بېشىغا كېلىپ، تۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈشى كۆپىنچە مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ بۇتخانىلاردا ئېلىپ بارىدىغان پائالىيەتلىرىگە ئوخشاشلا بولۇپ، ئاخىرەتكە ئائىت ئىشلاردا رەسۇلۇللا قىلمىغان ئىشلارنى قىلىش ھەقىقەتەن بىر قۇرۇق ئاۋارىچىلىق بولاتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: «دىنىي ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇڭلار، قىيىنلاشتۇرماڭلار...» دېگەنىدى.

دۇنياۋى ئىسلام جامائەت پىكرى تەرىپىدىن يوقىرىقىدەك توغرا ھۆكۈم ۋە ھەق ئاساسلار بىلەن رەد قىلىنغان سوپىزم ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ كېيىنكى داۋامىنى توختاتمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنىلا مىلادى 12 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا دۇنياۋى ئىسلام كۈچلىرى بەسىرە، شىراز، ھەمەدان، خۇراسان قاتارلىق سوپىزم نۇقتىلىرىدا سوپىلارنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەشھۇر «پىر» لىرى ـ بەسرەلىك سوپى نەجمىددىن باغدادى، شىرازلىق سوپى يۇسۇف (خەتمە ئەزەم)، مەۋلانە سەرۋەرى، ھەمەدانلىق سوفى مۇھەممەد ئەزەم (بالاگەردان پىرىم)، خۇراسانلىق سەئىد ئاسىپ ئەزىزى (پىرى ئەزىزان) قاتارلىق ماشايىقلار (چوڭ سوفىلار)نى «ئىسلام دىن ئاسىلىرى» ئەيىبى بىلەن ئەيىبلەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇيدۇ. «تەزكىرە پىرياران» دا بۇ ئەھۋال: «بۇ پىرلەر ئۆزلىرىنى «خوجام رەسۇلىللا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋاسىتىگەر ئەلچى»، «پىر ئىنەلھەق» (ھەق ئاللاھنى كۆرگەن پىر ــ ئا)، «غايىبنى بىلگۈچى» (كارامەتچىلەر) دېگەن كۇپۇرلۇق دەۋالىرى بىلەن باشلىرىدىن ئايرىلغان...» دەپ خاتىرىلەنگەن. مىلادى 10 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىنمۇ سوپىزمنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئەڭ چوڭ ئىجادچىلىرىدىن بىرى ــ ئىرانلىق سوپى ھۈسەيىن ئىبنى مەنسۇر ھەللاج: «ماڭا

خۇدادىن «خۇدالىق ۋەھيي كەلدى» دېگەن گۇناھى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار سوتى تەرىپىدىن ئېسىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى.

دېمەك سوپىزىم — تارىختا يۇقىرىقىدەك ئىسلامغا زىت قىلمىشلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقاد ئېتىبارىدىن چۈشۈپ، ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ رەقىب مەزھەبلىرى تۈركۈمىگە مەنسۇپلىنىپ كېتىدۇ. دۇنيا تارىخىدا بۇ مەزھەبنىڭ بىرەر قېتىممۇ بىرەر دۆلەت، بىرەر مىللەت ياكى بىرەر قەبىلە، بىرەر جەمئىيەتتە دىنىي سىياسىي ھاكىمىيەت شەكلىگە كىرىپ باقمىغانلىقى، يېتەكچى دىنىي مەزھەب بولۇپ نوپۇز تىكلەپ ئۆتۈپ باقمىغانلىقى ئەنە شۇ خىل پىرىنسىپلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىندۇر.

## جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭدا

بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئۆتمۈشتە (بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە) ھەرخىل زامانلارنىڭ تۈرلۈك ھادىسە، قىسمەت، پېشكەللىكلىرى ۋە ئۆزلۈكسىز سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزيۇرت، ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ پاناھلىق ئىزدەپ شىنجاڭغا كېلىپ قالغان ھەر خىل كەچۈرمىشلىك مۇساپىر ئىنسانلارغا ئۆز ئارىلىرىدىن تۇرۇشقا ئورۇن، ياشاشقا يول ھازىرلاپ بېرىشتەك ئىلتىپاتپەرەستلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەنمۇ ۋەتىنىمىزدە ھەر قايسى زامانلار بويىچە ھەر خىل غەيرىي مىللىي تەركىب ۋە ياكى غەيرىي ئاھالىلەر تۈركۈملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، كۆپىيىشى، ئورۇن ئېلىشى، يەرلىشىشى، سىڭىش-سىڭىشمىشتەك تەقدىر-قىسمەتلىرىنىڭ ھوقۇقى جەھەتتىن تىكلىنىشىگە سەۋەب بولۇشقان. تۈرلۈك تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، مىلادى 8 - ئەسىردىن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي زامانلار جەريانىدا ۋەتىنىمىزگە چەتتىن «تىنچ» ئېقىپ كىرگەن (مۇساپىرەتچىلىك سەپىرىدە كېلىپ يەرلىشىپ قالغان ياكى نەسەپ، ئەۋلاد قالدۇرۇپ كەتكەن) بۇ خىل سەرگەردان مۇساپىرلارنىڭ خېلىلا بىر قىسمى ئىران، ئىراق، ھىندى، ئافغان، بۇخارا، كاسان قاتارلىق جايلاردىن ھەر خىل زامان، ھەر خىل شارائىت ۋە ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بىزگە قېچىپ كەلگەن كۆچكۈن سوپى، ئىشانلارغا مەنسۇپ «ئەھلى دىن پەقىرلىرى» دىن ئىبارەت بولغان. ئۇلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ماكان تۇتۇشقاندىن كېيىنلا ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنى «ئاللاھنىڭ ئەمرى بىلەن مۆمىن بەندىلەرگە «پىر»، «ئۇستاز» بولۇش ئۈچۈن كەلگەن»لەر دېيىشىپ، بارا- بارا ئەجدادلىرىمىزغا «ئۇلۇغ پىرلىق» «ئۇلۇغ سەئىدلىك»، «ئۇلۇغ زاتلىق»، «خىسلەت»، «كارامەت» لىرى بىلەن دىنىي، روھىي جەھەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل باشلىنىشلار نەتىجىسىدە شۇ زامانلاردىكى بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز تەدرىجىي: يۇرت بىزدىن، خەلق بىزدىن، بايلىق، مەئىشەت، ئىلتىپات، سۈكۈت، بويسۇنۇش، «سەۋرى»، «تەقدىرگە تەن بېرىش» بىزدىن، «پىرلىق»، «دىنىي يېتەكچى»لىك، ئەگەشتۈرۈش، باشقۇرۇش، يېتەكلەش ئەنە شۇ «ئۇلۇغ زاتلار»دىن بولىدىغان جاھالەتلىك جەمئىيەتنىڭ پەقەت بويسۇنۇشقىلا يارىتىلغان، كۆنۈك، مۆمىن «ئىمانى كامىل»لىرىدىن بولۇپ كېتىشكەن.

ئەسلى تېمىمىزدىن ھالقىپ كەتمەسلىك ھەم تېخىمۇ ياخشىراق يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن، قولىمىزدىكى تارىخىي ئاساسلىرىمىزغا بىنائەن، يۇقىرىدا تەرىپلەنگەن سوپى- ئىشانلار ئىچىدىن ئەينى زامانلاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يەرلىشىپ، ئابروي تېپىپ، باش كۆتۈرۈپ (ئەجدادلىرىمىزغا «پىر»، «خوجا»، «ئىشان» لىق قىلىپ) مەلۇم دەۋرلەر بويىچە ئىز تەۋرىتىپ، تارىخىمىزدا بىزگە تۈرلۈك ئېچىنىشلىق سەلبىي ئىزلارنى ھەتتا ئەڭ ھالاكەتلىك تارىخىي زەبۇنچىلىقنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ۋەكىللىك خاراكتېرى چوڭ، تەسىرى كەڭ، تېخى ھازىرغىچىلىكمۇ بەزى

كىشىلىرىمىزنىڭ ئېتىقادى، ئىشەنچ-ئېتىبارلىرىدا «ئۇلۇغ پىر»لىق نامى بىلەن يادلىنىپ تۇرۇۋاتقان تۆۋەندىكى ئاتاقلىق يەتتە «ئۇلۇغ پىر زات» توغرىسىدا بىر-بىرلەپ قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

## «خوجا مۇھەممەد شەرىپ پىرىم» توغرىسىدا

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇمدۇركى، تارىختا شىنجاڭغا مۇساپىرچىلىق بىلەن كېلىپ، بىزدىكى ئۆمرىدە «ئۇلۇغ پىر»لىق نامى بىلەن داڭ چىقىرىپ، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنى سوپىلىق يولىغا باشلاپ، ئالەمدىن ئۆتكەن مەشھۇر سوپى - زاھىدلاردىن بىرى - ئىرانلىق سەرگەرداندىن خوجا مۇھەممەد شەرىپ ئىسىملىك سوپىدۇر. بۇ كىشى ئەسلىدە مىلادى 12- ئەسىردە ياشاپ ئۆزىنى «ھەپتە مۇھەممەدان»(مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ 7- ئەۋلاد نەۋرىسى) دەپ ئېلان قىلىپ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىرانلىق مەشھۇر سوپىزم تەرغىباتچىسى ئوبۇل ياقۇل يۈسۈف ئەلپۇزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ 15- ئەسىردىكى ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولۇپ، خۇراسان ئۇلىمالىرىنىڭ پەتىۋاسى بىلەن «خۇدالىق دەۋاسى قىلغان» گۇناھى ئۈچۈن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان يېرىدىن ھىندىستان ئارقىلىق يەكەنگە قېچىپ كەلگەن. يەكەندە ئۆزىنى «پىر» ئېلان قىلىپ، يەكەن، قەشقەر تەۋەلىرىدە يەتتە - سەككىز يىل سوپىزمنى تەشۋىق قىلىش، تارقىتىش، كېڭەيتىش ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بەزى مازارلارغا شەيخلىق قىلغان. 1565- يىلى يەكەندە ئالەمدىن ئۆتكەن. مىلادى 1807 - يىلى ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى پۇشتى، يەكەن ۋاڭى - يۈنۇس ۋاڭ تەرىپىدىن قەبرىسى «مازار» قىلىپ قاتۇرۇلۇپ «خوجا مەشپىرىم» (خوجا مۇھەممەد شەرىپ پىرىم) نامى بىلەن ئاتىلىشقا باشلىغان. ھازىر بۇ مازار يەكەندە «ھەزرىتى پىر» دېيىلىپ كەلمەكتە. بۇ «پىر»نىڭ تارىختا بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بەزى «پىر»لىق «تۆھپە» مىراسلىرى (قىلمىش - ئەتمىشلىرى) نى قولىمىزدىكى ئاساسلىرىمىزغا بىنائەن تۆۋەندىكىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

خوجا مۇھەممەد شەرىپ يەكەنگە كېلىپلا ئۆزىنى «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 - بوغۇم نەۋرىسى» دەپ ئېلان قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ رايىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى ۋە: «پۈتۈن دىنىي ئىشلارنىڭ ھوقۇقى پەقەت مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام نەسەبلىرىدىلا خاستۇر» دېگەن «پەتىۋا» بىلەن يەكەننىڭ ھەممە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى يەرلىك ئۆلىمالار بىلەن ئەھلى شەرىئەت مۆتىۋەرلىرىدىن تارتىۋالدى. 1534- يىلى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ تەرەققىياتپەرۋەر خانى ئابدۇرەشىدخان جەمئىيىتىنىڭ «باش شەيخۇل ئىسلام»لىقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ھەر بىر ۋىلايەت، ئايماق، يۇرتلاردا دەرىجىلەر بويىچە دىنىي مەھكىمىلەر (قازىخانا ۋە سوراقخانىلار)نى تەسىس قىلىپ، ئۆزىنىڭ دىنىي ھۆكۈمرانلىقى (ئاساسەن سوپىلىق تۈزۈمى)نى خانلىق نامى بىلەن كېڭەيتىدۇ، مۇستەھكەملەيدۇ. ئابدۇرەشىدخاننى «مۇرىت»لىققا قوبۇل قىلىپ «پىر»لىق «سالاپىتى» بىلەن تىزگىنلەشكە باشلايدۇ. «يەكەن تارىخى»دا بۇ توغرۇلۇق مۇنداق يېزىلغان: «.... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شەرىپكە قول بېرىپ مۇرىت بولىدۇ. شۇ تارىخىي شارائىتتا ئابدۇرەشىدخاننىڭ شۇنداق قىلماسلىققا ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. چۈنكى سۇلتان سەئىدخان زامانىسىدا (سۇلتان سەئىدخان ئابدۇرەشىدخاننىڭ دادىسى - ئا) كەڭ ئەۋج ئالغان سوپىلار پىتنىسى ئابدۇرەشىدخانغا تۈرلۈك تۆھمەت - بەدناملارنى چاپلاش بىلەن خاراكتېرلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شەرىپ بىلەن مازارلارغا بېرىپ، خانىقالاردا تۈنەپ، «ياھۇ - يامەنھۇ» دەپ جار سېلىپ يۈرگەن سوپىلارنى سەپەرۋەر قىلىپ ئەسكەرلىككە ئېلىشى، ئۆزىگە ئىشەندۈرۈشى لازىم ئىدى .... ئابدۇرەشىدخان خوجا مۇھەممەد شەرىپنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بوغراخان مازىرىدا بىرنەچچە كۈن يې-

تىپ، مازارغا تاۋاپ قىلىپ سوپىلاردىن قوشۇن توپلىدى......»

خوجا مۇھەممەد شېرىپ يۇقىرىدىقىدەك چارە-ئامالىلارنى قوللىنىپ، ئاخىرى ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيە، دىنىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي، ھەربىي ۋە باشقا ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىگە قول تىققالايدىغان، دېگىنىنى قىلالايدىغان بىردىنبىر ھۆكۈمران «پىر» بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ئابدۇرەشىدخان تەۋەلىكىدە (كەشمىر، ھازىرقى پاكىستان، شەرقىي ئافغانىستان، شىمالىي تىبەت، قازاق يۇرتلىرى (ئالتاي تاغلىرى)، ئىسسىق كۆل، بالقاش كۆلى ۋادىلىرى، پەرغانە ۋە ئارا يۇلتۇز (ھازىرقى شىنجاڭ) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان سەئىدىيە خانلىقى تەۋەلىكىدىكى مۇسۇلمانلار ئارىسىدا) سوپى، ئىشانلىق ھەرىكىتىنى كۈچەپ قانات يايدۇرۇۋەتتى. يەنى نام، مەنپەئەت ۋە دىنىي «شەپقەت» چىلىكىنى ۋەدە قىلىش، تەرغىبات مەدداھلىقى بىلەن ئىشەندۈرۈش ئارقىلىق مۇرىت بىلەن مۇرىت، سوپى بىلەن سوپى، ئىشان بىلەن ئىشان كۆپەيتىپ، پۈتۈن خانلىق تەۋەسىدە مەلۇم جامائەت قاتلاملىرىنى، خەلق كۈچلىرى توپلىرىنى پەيدا قىلىپ ۋە ئۆزىگە تارتىپ، ئاخىرى ئابدۇرەشىدخان ھاكىمىيىتىنى ئۆزىنى مەركەز قىلغان سوپى، ئىشانلار شېرىكچىلىكىدىكى (ئۇلارنىڭ ھالاكەتلىك تەسىرلىرىدىن قۇتۇلۇش مۇمكىن بولمىغان) ھاكىمىيەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تارىختىكى جەددە پۇشتى، ئىران ھەمەدانلىق مەشھۇر سوپى ئوبۇل ياقۇل يۈسۈپ ئەلپۈزەنجىر ئەل ھەمەدانىنىڭ سوپىلىق يولى — «ئىشقىيە سۇلۇكى»نى خانلىق مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دىنىي مىزانى، ئىدېئولوگىيە پرىنسىپى قىلىپ، جەمئىيەتتە بۇ سۇلۇكنى يولغا قويۇش، كېڭەيتىش كويىغا چۈشتى. ئۇ «پىر» ئەجدادلىرىمىزنى باشلاپ كىرگەن «ئىشقىيە سۇلۇكى»نىڭ ئىبادەت پرىنسىپى مۇنداق ئىدى: «ئىشقىيە»چىلەرنىڭ يېتەكچىلىرى ئۆز سۇلۇكىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى «ئىبادەت» دېگەن بىرلا سۆزگە يىغىنچاقلايدۇ. مۇرىتلىرىنى تەركى دۇنيا بولۇشقا تەرغىپ قىلىدۇ. ئۇلارنى جاھاندىن قول ئۈزۈپ، ئۆي - جاي تۇتماي، خوتۇن ئالماي، بالا - چاقىلىق بولماي، بىر جايدا ماكانلاشماي، جايدىن جايغا يۆتكىلىپ يۈرۈپ، جاھاننى كېزىپ، بۈگۈن تاپقاننى ئەتىگە قالدۇرماي قولدىن چىقىرىۋېتىپ ياكى يەپ تۈگىتىپ، ھايات كەچۈرۈشنى تەرغىپ قىلىدۇ. بۇ سۇلۇكنىڭ مۇرىتلىرى توپلانغان جايلىرىدا ياكى يەككە-يېگانە يۈرگەندە قانچە چىلىم تارتىپ نەشە چېكىشنى «ئىبادەت» دەپ ھېسابلايدۇ. بۇ ئارقىلىق «خۇدا» غا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، سارائىلارچە ھاياتقا قەدەم قويغانلىقىنى — «خۇدانىڭ ئىشقىغا ئۆزىنى پىدا قىلغانلىقى» دەپ قارايدۇ. ئۇلار مۇشۇ خىل ئۇسۇلنى «خۇداغا يېقىنلىشىش» دەپ بىلىپ، ئۆزلىرىگە مۇرىت توپلاپ، ئۇلارغا ئالدى بىلەن تۇۋا-ئىستىغبار (تۇۋانامە) ئېيتقۇزۇپ، ئۆزلىرىگە شەرتسىز بويسۇنۇشنى، داۋاملىق «پىر»نى ياد ئېيتىپ تۇرۇشنى ئۆگىتىدۇ. بۇ يولدا ئوبدانراق خىزمەت قىلغۇچى سوپىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تەيىنلەپ، مۇرىت توپلاش ئۈچۈن جايلارغا ئەۋەتىپ ھەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ......

دېمەك «خوجا مۇھەممەد شېرىپ پىرىم» 16- ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتى (كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر تارىخىمىزدا مەلۇم ئىجتىمائىي ئىلغارلىقى، مىللىي خاسلىقى ھەم ئالاھىدە كۈچ- قۇدرىتى بىلەن دۇنياغا داڭ چىقىرىپ تۇرغان ئۇيغۇر ئابدۇرەشىدخان يېتەكچىلىكىدىكى جەمئىيەت)نى ئەنە شۇ خىل تەركى دۇنياچىلار «جەمئىيىتى»گە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلدى. تارىختا شىنجاڭغا پەيدا بولۇپ، يەنىلا شىنجاڭ زېمىنىدا ئالەمدىن ئۆتكەن تەرىقەتچى سوپى، ئىشانلارنىڭ كونا قەبرە ۋە ئۆلگەن ئورۇنلىرىنى تېپىپ، ئۇنى «مازار» قىلىپ تىكلەپ، «ئۇلۇغلۇق تەزكىرە» لىرىنى تۇرغۇزۇپ، «خاسىيەت» ھەم «كارامەت» لىرىنى تەرىپلەپ، بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەجدادلىرىمىزغا «تاۋاپ»، «ئىستىقامەت» قىلىپ تۇرىدىغان «مۇقەددەس مازار»، «ئۇلۇغ جاي»لارنى تىكلەپ، بەلگىلەپ بەرگەن:

19– ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر شەرقشۇناس ئۇيغۇر ئۆلىما سۇلتان باي ھاجىمنىڭ «بۇرقۇم ئەۋلىيا ھەققىدە» دېگەن قولىيازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە: خوجا مۇھەممەد شېرىپ يەكەندە دەۋران سۈرۈپ يۈرگەن چاغلىرىدا 8– ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىرانىنىڭ ھەمەدان دېگەن يېرىدىن يەكەنگە كېچىپ كېلىپ، يەكەندە ئۆلۈپ قالغان مەشھۇر سوپى ھەيدەر، مۇھەممەدنىڭ «مازىرى» نى ياسىتىپ، ئۇنى «چىلتەن ئەۋلىيا» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇمدۇر. بەزى تارىخىي پاكىتلاردىن بىلىشىمىزچە، «چىلتەن» دېگەن بۇ «مازار» ئەمەلىيەتتە مىلادى 1500 – يىللاردىن بۇرۇن (مىرزا ئابابەكرى زامانىدا) ئوبۇ تالىپ سەبەرەستە ۋەلى دېگەن بىر كىشىنىڭ لەۋزى بىلەنلا «مازار» ئاتىلىپ قالغان ئورۇن بولۇپ، ئەمەلىيەتتە قايسى زاماندىكى قايسى «ئۇلۇغ زات» نىڭ مازىرى ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. «تەزكىرە پىر يارانلار» دە يېنە خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ بۇ مازارنى ياسىتىش ئۈچۈن، ئابدۇرەشىدخان خەزىنىسىدىن بىر چارەك نەق ئالتۇن ئالغانلىقى بايان قىلىنغان. يەنە شۇ تەزكىرىدە: «...بۇزاتى، بەرىكات ئۆز ئاپات، ئەمرى – پەرمانلىرى بىلەن خۇدايى تەرىقەت ئىبادىتى ئۈچۈن، بۇ دىياردا 700 «رۇكۋار» (ئېھتىمال مازار بولسا كېرەك – ئا)، 148 خانىقا، 47 «پىرلىك ھەمدان» (سوپىلار مۇرىتلىرى بىلەن جەم بولۇپ «ئىبادەت» قىلىدىغان مەخسۇس ئورۇن، مەيدان – ئا) بىنا قىلدىلەر...» دېيىلگەن.

خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «پىر» لىق ئىمتىيازى، ئىناۋەتلىرىدىن، مۇرىت، يارانلىرىدىن ۋە ئىغۋاگەر كەسىپداشلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ ئىلغار، تەرەققىيپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك غايە، ھەرىكەت، ئىنتىلىشلىرىگە زەربە بېرىش، خانلىقنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى تولۇق ئىگىلەش كويىغا چۈشىدۇ. بىرىنچى زەربىنى دەل ئابدۇرەشىدخان ھوزۇرىدىن باشلايدۇ. ئۇ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ خوتۇنى مەشھۇر مۇقامچى، شائىرە ۋە ئەخلاقشۇناس ئامانىساخاننى «شەرمەندە، شەرمىساز» لىق گۇناھى بىلەن قاتتىق ئەيىبلەپ (خوجا مۇھەممەد شېرىپ سوپىلىرى خەلق مەشرەپلىرىنى «شەيتان سورۇنى»، خەلق نەغمىچىلىرىنى «شەرمىساز» لار، خەلق ئۇسسۇلچىلىرىنى «شەرمەندە» لەر، بۇ ساھەدىكى ھەر خىل ئىجادىيەتچىلەرنى بولسا «ھازازۇل مۇرتەد» لەر دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتاپ، ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىگە چەك قويۇشقانىدى)، ئۇنىڭ «ئەخلاق جەمىلە»، «شەرھۇل قۇلۇب» قاتارلىق نۇرغۇن ئىجادىي مۇزىكىلىق ئەسەر ۋە مۇزىكا ئىجادىيەتلىرىنىڭ جەمئىيەتكە تارقىلىشىنى چەكلەيدۇ ۋە ئامانىساخان ۋاپاتىدىن كېيىنلا «پەتۋا» چىقىرىپ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. ئامانىساخاننىڭ ئۇستازى، ئابدۇرەشىدخان ئوردىسىنىڭ ئىلمىي ئەربابلىرى – مەشھۇر مۇقامشۇناس قېدىرخان، خەتتات غازى ھەبىبۇللا سەردار، تارىخچى مىرزا موللا مۇھەممەد يار ئاخۇن قاتارلىق توققۇز كىشىنى «مۇرتەد» (دىندىن چىققان) لىكتە ئەيىبلەپ، ئوردىدىن چەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئوردا ئەھلىنىڭ بىرلىك – ھەمدەملىك ئەنئەنىسىنى بۇزۇپ، ئىغۋا كۆپەيتىپ، ئابدۇرەشىدخانىنىڭ سەۋدا كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەپ ۋە داخىلدار بولىدۇ.

## «ئۇلۇغ پىر» — مەخدۇم ئەزەم توغرىسىدا

مىلادى 15 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 16 – ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەدەر شىنجاڭغا پەيدا بولۇپ ۋە ياكى تەسىر ئۆتكۈزۈپ، بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىزنى سوپىلىق تەرىقىتىگە باشلىغان ھەم شۇ زامانلاردىكى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا «تەرىقەت ئۇستازى» لىق، «ئۇلۇغ پىر» لىق نامى بىلەن داڭ چىقىرىپ، ئالەمدىن ئۆتكەن ئەڭ مەشھۇر كەسپىي سوپىلارنىڭ بىرى – مەخدۇم ئەزەم يەنى خوجا ئەھمەد كاسانى ئىسىملىك كىشىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن بىلىشىمىزچە، بۇ كىشىنىڭ ئەسلى ئىسمى — سەئىد ئەھمەد ئىبنى سەئىد جالالىددىن بولۇپ، مىلادى 1471 - يىلى ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرىدە سەئىد مۇھەممەد كالان ئوغلى سەئىد جالالىددىن ئىشان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. مىلادى 1500 - يىللاردا ئىراننىڭ ئەھرار دېگەن يېرىدە باش كۆتەرگەن خوجا ئەھرار نەقشىۋەن (ئەسلى ئىسمى باھاۋىددىن) دېگەن كىشىدىن سوپىلىقنى ئۆگىنىپ، سالاھىيەتنامە (ئىرشاتنامە) ئېلىپ «پىر» لىققا كۆتۈرۈلگەن. شۇ چاغلاردىكى پەرغانە پايتەختى كاسان شەھىرىدە ئۇزاق مۇددەت سوپىلىقنى تەتقىق قىلىپ ۋە سوپىلىقنى شەرھىلەش، تارقىتىش، كېڭەيتىش ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، «مەخدۇم ئەزەم»، «ئەزەم ۋەلىيۇللا» (مەشھۇر «پىر»، «ئەۋلىيا» مەنىلىرىدە) دېگەندەك ناملارنى قوللانغان. ئۈچ يېشىدىن تارتىپ تاكى ئالەمدىن ئۆتكىچە بولغان 68 يىللىق ھاياتىنى كاساندا ئۆتكۈزۈپ ھەم شۇ يەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر تەرىپىدىن «خوجا ئەھمەد كاسانى (كاسانلىق خوجا ئەھمەد) دەپمۇ ئاتالغان. مىلادى 1541 - يىلى 70 يېشىدا سەمەرقەندتە ئالەمدىن ئۆتكەن. جەسىتى شۇيەرنىڭ «باغى بەلەند» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. مىلادى 1543 - يىلى ئۇنىڭ قەبرىسى ئوغۇللىرى تەرىپىدىن «مازارىل ئەزەم ۋەلىيۇللا» (مەخدۇم ئەزەم ئەۋلىيا مازىرى)غا ئۆزگەرتىلىپ، چوڭ گۈمبەز، كاتتا قەبرىلەر بىلەن نەسەپ مازارى تۈسىگە كىرگۈزۈلگەن. «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قولىيازمىدا: ئۇ كىشىنىڭ ئۆمرىدە ئالتە نىكاھلىق بولۇپ، تۆت ئوغۇل، يەتتە قىز پەرزەند چوڭ قىلغانلىقى، بەلخ، بۇخارا، سەمەرقەند، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ قاتارلىق نۇرغۇن جايلاردا سوپىلىقنى تارقىتىش، كېڭەيتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ھەم 41 مازار، 18 شەھەرنى زىيارەت، تاۋاپ قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

خوجا ئەھمەد كاسانى مىلادى 1520 - يىللىرى بىر قىسىم مۇرىدلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنى ئۆز تەرىقىتىگە باشلاش، شىنجاڭنىڭ دىن ۋە دىنىي ئىشلار ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈمىدى بىلەن قەشقەرگە كەلگەن. «بورقۇم ئەۋلىيا» دا كۆرسىتىلىشىچە، خوجا ئەھمەد كاسانى قەشقەر تەۋەسىگە كېلىپلا ئۆزىنى ئاشكارىلىماي، ئالدى بىلەن ئاتۇش مەشھەدتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا چۈشۈپ، ئۆز ھەمراھلىرىدىن خوجا مەككە باشلىق يەتتە كىشىنى جايلارغا ئەۋەتىپ، ئۆزى زۇرۇر دەپ قارىغان بەزى ئەھۋاللارنى ئۇقۇشقان. 40 كۈن ئېتىكاپتا (مەخپىي ئىبادەتتە) ئولتۇرۇپ، 41 - كۈنى ھەمراھلىرى ئارىسىدا ئۆزىنى «ۋەلى» (مىللىي ئەۋلىيا) ئېلان قىلىپ، شۇ چاغلاردىكى قەشقەر ھۆكۈمرانى — ئېمىر ۋەلى (ئېمىر ۋەلى — شۇ چاغلاردا سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ باش ۋەزىرى ھەم قەشقەر ۋالىيسى ئىدى) ھۇزۇرىغا بۇ مۇبارەك نام شەرىپىنى مەلۇم قىلغان. دېمەك، ئاتالمىش بۇ «ئۇلۇغ زات» — شىنجاڭغا تارىختا پەيدا بولغان «ئۇلۇغ پىر» «زات» لار ئىچىدە ئۆزىنى تۇنجى قېتىم «ۋەلى» (مىللىي ياكى يەرلىك ئەۋلىيا) ئېلان قىلغان، ئۆز مۇرىتلىرىنىڭ نەزىرىدە «ئۇلۇغ كارامەت ئىگىسى»، «ئۇلۇغ تەلىماتچى» لىق سالاپىتى بىلەن مەشھۇرلانغان بىرىنچى «زات» دۇر.

مەخدۇم ئەزەم قەشقەرگە كىرىپ بۇ يەردىكى بىر قىسىم ھۆكۈمران شەخسلەرنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشىغا ئېرىشكەن ۋە بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىگە بېرىپ، ئۆزىنىڭ باش كۆتۈرۈشى ئۈچۈن، يەرلىكتە دىنىي، ئىجتىمائىي، ئىدىئولوگىيە، تەشكىل ۋە ئورۇن جەھەتلەردىن پايدىلىق ئاساس ھازىرلىغان؛ سوپىزمنى تەشۋىق قىلغان، تارقاتقان، مۇرىت ئالغان، كۆپەيتكەن، خانىقا، ھەمدانىلارنى بەرپا قىلغان. شۇنداق قىلىپ قەشقەرىيەدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېتەكچى دىنىي ئىدىيىسى سۈپىتىدە «مەخدۇم ئەزەم يولى» (مەخدۇم ئەزەم دىنىي ئىدىيىسى) نى پەيدا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى بۇ «يول» بىلەن مۇسۇلمانچىلىق قىلىشقا دالالەت قىلىپ يېتەكلىگەن.

«مەخدۇم ئەزەم يولى» نىڭ ئەقىدە، پرىنسىپى: «كىشى بۇ دۇنيادا قانچە ئازابلانسا، ئۇ دۇنيادا شۇنچە راھەت كۆرىدۇ ... كىشىلەرگە بۇ دۇنيادا كېلىدىغان ھەر خىل كېچۈرمىش ئىنى-

سانىدىن ئەمەس، تەقدىردىندۇر......» دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ «دىنىي پرىنسىپ»لى مەخدۇم ئەزەمنىڭ مۇرىتلىرى ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا «كەبرۇيە»، «ئىسھاقىيە»، «رەبۇدىيە»، «دىۋانىيە»، «نېمەتىيە» قاتارلىق ئون نەچچە خىل «سۇلۇك» شەكلى بىلەن خېلى زامانلارغىچە جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن. «مەخدۇم ئەزەم يولى» نىڭ «كەبرۇيە» سۇلۇكى توغرىسىدا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مۇسابىننى ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» دېگەن كىتابىدا مۇنداق يازغانىدى: «... بۇلارنىڭ بەزىلىرى (مۇئەللىپ بۇ يەردە ئۇچتۇرپاننى كۆزدە تۇتۇپ يېزىۋاتىدۇ — ئا) ئۆزلىرىنى كەبرۇيە سۇلۇكىدە بىز دېسە، يەنە بەزىلىرى دىۋانىيە سۇلۇكىدە بىز دەپ، خىلمۇخىل سۇلۇكلەرنىڭ ئېتىقادچىلىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى ... كەبرۇيە سۇلۇكىدىكى كىشىلەر ئەر — خوتۇن بىر يەرگە يىغىلىپ، يوغان قازانغا جىق كۆك چاي سېلىپ، نەچچە-نەچچە چارا، تاۋاقلاردا قايناقنى قۇيۇپ قايىنىتىدىكەن. ئىناۋەتلىك، مۆتىۋەر ئادەمدىن بىرنى ئۇسۇپ بېرىشكە تەيىن قىلىدىكەن. ئۇ كىشى غۇسلە، تاھارەت قىلىپ، چۆمۈچنى تۇتۇپ قاچا — قۇچىلارغا ئۇسۇپ «تەۋەررۇك»، «تەۋەررۇك» دەپ بېرىدىكەن. باشقىلار ناھايىتى تەزىم تاۋازۇ بىلەن ئېلىپ ئىچىدىكەن، شۇنىڭ بىلەن نەغمە باشلىنىپ، ئەر — خوتۇن ئۇسسۇلغا چۈشىدىكەن. گاھى يىقىلىپ، گاھى قوپۇپ، مەست ۋە بىھوش بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ ھۇزۇر قىلىشىدىكەن. بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ھوشلىرىغا كەلگەن بولۇپ «ئۇھ» تارتىپ، كۆزلىرىنى ئېچىپ ئولتۇرۇشىدىكەن. مۇنداق قىلىقنى «كەبرۇيە سۇلۇكى» دەپ ئاتىشىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ پۈتۈنلەي شەرىئەتكە خىلاپ ھەرىكەت...»

مەخدۇم ئەزەم مەلۇم تەييارلىق كۆرگەن ۋە شارائىت ھازىرلىغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قولبەرگەن يەرلىك مۇرىت، ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ماسلىشىشى بىلەن ئاقسۇ، كۇچا، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يېڭىسار قاتارلىق بىر قىسىم جايلارنىڭ يەرلىكدىن ھوقۇقلىرىنى، جۈملىدىن ئاقسۇدىكى «كۇسەند» — كۇچا ئۇلىمالار باش جەمئىيىتىنىڭ چوڭ ھوقۇقىنىمۇ كونترول قىلىغان. جايلارغا ئۆزىنىڭ «ۋەلىي» لىك «خاسىيەتلىرى»نى ئېتىراپ قىلغۇزۇش غەرىزىدە ھەر خىل غەيرىي قىلىق ۋە غەيرىي ئەپسانىلەرنى ئوتتۇرىغا چىقارغان. 19 — ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان بۇگۇر يېڭىسارلىق ئۇيغۇر شائىر، تارىخچى موللا غۇلامدىن ئۆزىنىڭ 1891- يىلى يېزىپ قالدۇرغان «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قوليازما ئەسىرىدە مەخدۇم ئەزەمنىڭ شۇ چاغدىكى ھىجرەت (سەپەر) سالاھىيىتى توغرۇلۇق توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى: «... بۇ زاتنىڭ ئاشكارا سالاھىيىتى خۇدايى تەرىقەتنى جارى قىلدۇرۇش، ئىچكى (يوشۇرۇن دېمەكچى — ئا) سالاھىيىتى بولسا، ئۇستاتلىق بىلەن جاھان تۇتۇش، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىنىڭ ئاخىرقى نەتىجەلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇددىئا — غەرەزلىرىگە بويسۇندۇرۇش بولغان ئىدىلەر...»

مەخدۇم ئەزەم قەشقەردىمۇ كېلىپ يۇقىرىقىدەك چارە — ئاماللار بىلەن باش كۆتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تەشەببۇسى بىلەن شىنجاڭغا غەربىي تۈركىستاندىن (ئاساسەن بۇخارا، ماۋرائۇننەھرى، سەمەرقەند، كاسان تەرەپلەردىن) مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى سۈپىتى بىلەن نۇرغۇن «تەرىقەتچى پەقىرلەر» ياكى «خۇدا يولىدا يۈرگەن ئاشىق» لار ئارقا — ئارقىدىن، تۈركۈم-تۈركۈملەپ مەزگىلسىز، سوراق- سوئالسىز، ئىستەك- ئاتاقسىز، تارقاق، نالايىقان ئېقىپ كىرىۋېرىپ شۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە ئاپەت خاراكتېرلىك «دىنىي تەرتىپسىزلىك»ۋە كەلگۈن شەكىللىك «لەنىتى مېھمان»، «لەنىتى مۇرىت» لار ئاپىتى پەيدا قىلىشقان. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ خىل «تەرىقەتچى پەقىرلەر» نىڭ تولىسى — كەپىي قەلەندەرلەر، تاماگەر ئوششۇقلار، سەۋدايى بەڭگىلەر، ئالدامچى،

تىجەمەل-جەمەلخور، كاززاپ، يەنى ئىشلەمەي چىشلەشكە كەسىپلەنگەن هارام تاماق، تىرىكتاپ زىيانكەش شەخسلەردىن ئىبارەت بولغان. بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئالدى بىلەن قەشقەردىكى ھەر قايسى جايلاردا تارقىلىپ، چوڭراق بازار، يۇرت، مازار، مەيلىسگاھلاردا تۈنەكخانىلارنى، چوڭ داشلىق (چوڭ قازانلىق) خانىقالارنى، «ھەمەدان»، «ئېچىمكاپخانا»، «خەتمە-ئىستىغپارخانا» لارنى يەنى ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئالغاندا «ئىمان يېڭىلاش»، «توۋا ئىستىغپار ئوقۇتۇش» ۋە «پىرغا قول بېرىش» ئورۇنلىرىنى پەيدا قىلىشىپ، ئەجدادلىرىمىزنى «ئىمان» لىرىنى «يېڭىلاش» قا، «گۇناھ» لىرىغا «توۋا قىلىش» قا، «پىرلارغا قول بېرىپ مۇرىت بولۇش» قا ئۈيۈشتۇرۇشقان ۋە باشلاشقان. نەتىجىدە بىر قىسىم جايلاردا ھەر بىر «پىر» نىڭ ئاغزىغا قاراپ، ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئۈزمەك يىغىلىپ تاۋۇش چىقارماي جىم ئولتۇرۇپ، بۇ ئالەمنىڭ ھەممە مەشغۇلات ۋە ئىنسانچىلىق ھەۋەسلىرىدىن پۈتۈنلەي خالى بولۇپ ئايەت ئوقۇپ، ئاھۇ-زارلىرىنى ئاللاھقا بىلدۈرۈپ، خاس ئاللاھتىنلا رىسقى - ئىلتىپات تىلەپ ۋە كۈتۈپ، تۆۋانى تىلىدىن چۈشۈرمەي، پىرىم ئۈچۈن ھەر قاچان، ھەر قانداق نەرسىدىن يانمايدىغان، جانلىرىنى ئايىمايدىغان «ئىبادەت» چى جامائەت تۈركۈملىرى پەيدا قىلىنغان.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ بۇ خىل «ئاشىق» مۇرىتلىرى قەشقەردىيە تەۋەسىدە يەنە ھەر خىل سوپى، ئىشانلار مەھەللە- كوچىلىرىنى، تەركى دۇنياچىلار تۇرالغۇ جايلىرىنى مەسىلەن: قەلەندەرلەر كوچىلىرىنى، «ئاشىق» لارنىڭ دالاك ①، گۈلەخ ② لىرىنى، خۇدايى سەرگەردان مۇسۇلمانلارنىڭ تىرىكچىلىك «خانە» لىرىنىمۇ پەيدا قىلىشىپ، ئۆز ئارقىلىرىدىن ئەگەشكەن مۇرىت، ياراننلارغا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا «گۇناھسىز»، «ئىللەتسىز» كەتكىلى بولىدىغان «پاك ئورۇنلار» نەۋرىشكىلىرىنى تىكلەپ ۋە كۆرسىتىپ بېرىشكەن. شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا 1950- يىللارغىچە ئۇ يەر، بۇ يەردە نام ياكى شەكىل جەھەتتىن ساقلىنىپ كەلگەن ساھىل(قەلەندەر) كوچا، مەھەللىلىرى «ئاشىق» لار گۈلخانلىرى، تەركى دۇنيا سەرگەردان مۇسۇلمانلار گۈلەخلىرى، ھەر خىل خۇراپات مەنبەلىرى ئەنە شۇ خىل مەخدۇم ئەزەمچىلەر زامانىدىن بىزگە قېپقالغان «مىراس» لارنىڭ داۋامى ھېسابلىناتتى.

مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوتتۇرا قاتلام مۇخلىسلىرىمۇ قەشقەردىيىنىڭ بارلىق ئىلىم- مەرىپەت ئورۇنلىرىنى، دىنىي ۋە جامائەت مۇئەسسەسەلىرىنى دېيەرلىك ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنىڭ سوپى، ئىشانلىق ئەقىدىسىنى تارقىتىدىغان نوقۇل سوپى-ئىشانلىق ئورۇنلىرىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشقان.

مىلادى 1533- يىللاردا مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى بىلەن خوجا مۇھەممەد شېرىپ ئىشان مۇرىتلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مەزھەپ كۈرىشى يۈز بېرىپ، ئاخۇنلۇقۇم، تېرەك لەنگەر، شور دۆڭ دېگەن جايلاردا (بۇ جايلار ھازىر پەيزىۋات، يەكەن، مەكىت ناھىيىلىرىدىكە قارايدۇ — ئا)

(ئاخىرى 71- بەتتە)

---

① دالاك— ئوتتۇرىسىغا گۈلخان يېقىلىدىغان، ھېچقانداق سېلىنچى- يېپىنچى بولمىغان، سوپۇرۇپ تازىلىمايدىغان، توپىغا مىلىنىپ نەشە چېكىپ، ئورنىغا تەرەت قىلىپ، ئۇرۇپ، ئۇرۇلۇپ، يالىڭاچ، يۈيۈنماي، كۈلمەي- كۈلدۈرمەي، جانىنىمۇ-جاھانىنىمۇ ئۇنتۇپ، ئۆزىنى خاس ئاللاھقىلا ئاتىغان تەركى دۇنيا كىشىلەر «خۇدايى ئۇششۇق» لار تۇرمۇش ئۆتكۈزىدىغان بىر خىل ئورۇن ياكى ئادەملەر قوتىنى.

② گۈلەخ— دۇنيادىن بەزگەنلەر، ھېچقانداق تۇرمۇش مەنبەسى بولمىغانلار، دىنىي تەركى دۇنيالار ياكى كەسىپى ماكانسىز سوپى-«ئاشىق» لار كۈلگە، توپىغا مىلىنىپ، بېشىغا چاپانى قويۇپ يېتىپ-قوپۇپ تۇرمۇش كەچۈرىدىغان (ماكان قىلىۋالغان) گۈلخان، گەمە، ئوچۇق گۈمبەز، كونا مازار، كىشىلەر ئەيمىنىپ بارالمىغان «سىرلىق» ئورۇن، ئەسكى تاملىق، ئەسكى يارلىق ۋە «ئەل كۆزىدىن خالى» ئورۇن-جاي.

# دانىشمەنلەرنىڭ نەسىھەتلىرىدىن

1

بىر كىشى دانىشمەندىن گۈزەل ئەخلاقنىڭ شەرھىسى نېمىدۇر؟ دەپ سورىدى.

دانىشمەن مۇنداق دېدى: تۆۋەندىكى ئون تۈرلۈك خىسلەت گۈزەل ئەخلاقنىڭ شەرھىسىدۇر:

1- كىشىلەرگە كەمتەرلىك ۋە خۇشپېئىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىڭ؛

2- توغرىلىقنى ئۆزىڭىزگە شۇئار قىلىڭ، يالغانچى، كاززاپ بولماڭ؛

3- ئۇرۇق - تۇغقان، قېرىنداش، دوست-يارانلار ۋە باشقىلارغا كۆيۈمچان، شەپقەتلىك بولۇڭ؛

4- ياخشىلىققا ياخشىلىق قىلىڭ، يامان قىلماڭ؛

5- ئامانەتكە خىيانەت قىلماڭ؛

6- خەير ئېھسانلىق، ساخاۋەتلىك بولۇڭ، بېخىللىقتىن ھەزەر ئەيلەڭ؛

7- قوشنىلار بىلەن ئىناق ئۆتۈڭ، ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى ئاشكارىلىماڭ؛

8- دوستلىرىڭىزغا سەمىمىي بولۇڭ؛

9- ئۆيىڭىزگە كەلگەن مېھماننى ئىززەت-ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىڭ؛

10- ھايالىق ۋە نومۇسچان بولۇڭ، ھايا — ھەممە گۈزەل، ياخشى خىسلەتنىڭ بېشىدۇر.

2

ھېچ بىر پەزىلەت راستلىق، توغرىلىقتىن يۇقىرى تۇرمايدۇ. توغرا يولدا يۈرگەن ئادەم نومۇسچان، يېقىملىق، سۇنماس ئىرادىلىك بولىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچ قانداق زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ.

بېيىت:

توغرا ئىشلە، توغرا سۆزلە، توغرا تۇر،
توغرا ئويلا، توغرا كۈيلە، توغرا بول.

3

ئەندىشە قىلماي، ئويلىماي سۆزلەش كۆڭۈلسىز ئەھۋالغا سەۋەب بولىدۇ، پالاكەت ئازگىلىغا تاشلايدۇ.

بېيىت:

كىمدە قېلىپسىز سۆزلەر بار ئېرۇر،
بۇ، نادامەتتىن ئاڭا خەۋەر بېرۇر.

4

سوقرات ھېكىم ئېيتىدۇ:

—قوپال مۇئامىلە قىلغان كىشىگە مەن مۇلايىم مۇئامىلە قىلىمەن. چۈنكى مۇلايىم مۇئامىلە ۋە ئەدەپ- ئەخلاق، قوپاللىق ۋە ئاداۋەتنى يوقىتىدۇ. لېكىن كىشىنى ئاجىزلىق ھەمدە خورلۇققا چۈشۈرۈپ قويىدىغان ئارتۇقچە ئىلتىپات، شەپقەتتىن ھەزەر ئەيلەيمەن.

5

ئەپلاتۇن ھېكىم ئېيتىدۇ:

—غەزەپ ئاخىرقى ھېساپتا پۇشايمان بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئەقلىنى غەزەپ ئىختىيارىغا بەرگەن ئادەم ئۆز نەپسىگە ئوت ياققان بولىدۇ.

# تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

6

ئارىستوتىل ھېكىم ئېيتىدۇ:

— روھىمىزنىڭ مەنىۋى قۇۋۋىتى بولغان ۋىجدانىمىز — پىكرىمىزگە قۇۋۋەت يەرگۈچى ئىدرەك ۋاستىسىدۇر.

7

ئەبۇئەلى ئىبىن سىنا ئېيتىدۇ:

— مەرد كىشى ئۆزىنى ئەمگەك ئارقىلىق كۆرسەتسۇن. ئىنسان بىلەن ياۋايى ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى پەرق يالغۇز يەپ — ئىچىشتىلا ئەمەس، ياخشى ئەخلاقتا ۋە كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىشتىدۇر.

8

ئىبىن كەئىب دېگەن دانىشمەن ئېيتىدۇ:

— كىمكى سەندىن كىچىك بولسا، ئۇنىڭغا ئاتىدارچىلىق قىل، يېشى سەندىن چوڭ بولسا ئوغۇللۇق قىل، سەن بىلەن تەڭتۇش بولسا ئۇنىڭ بىلەن بۇرادەرلىك يولىنى تۇت.

9

لۇقمان ھېكىم ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ ئېيتىدۇ:

— ئوغلۇم، ھورۇن بولما، ياشلىقىڭنى غەنىمەت بىل، ئىشلەپ قېرىلىق مەزگىلىڭ ئۈچۈن زاپاس توپلا. چۈمۈلە ياز بويى ئىشلەپ، قىش ئۈچۈن زاپاس توپلايدۇ، ئۇنىڭدىن ئۈلگە ئال.

10

ئىرادە

ئۈچ نەرسە ئۈچ ۋاقىتتا كېرەك بولىدۇ: قەھرى- غەزەپ ۋاقتىدا ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىش؛ باشقا كۈلپەت چۈشكەندە ئۆزىنى يوقىتىپ قويماي، سەۋرچان بولۇش؛ ياخشى ئىشلارنى قىلىشتا ئالدىراپ تۇرۇش.

ھەركىشىگە بەختۇ- ئىقبال بولسا يار،
خەيرۇ ئېھسان بىرلە بولغاي ئاشكار.

11

ئاجىز ۋە ئېھتىياتچان ئادەملەر

ئادەملەر ئاجىز ۋە سۇنماس ئىرادىلىك- ئېھتىياتچان بولۇشلىرى تۈپەيلىدىن ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىرەر ھادىسە يۈز بەرگەندە ساراسىمىگە چۈشۈپ، ئىشلىرىنى قانداق قىلىپ ياخشى يولغا سېلىپ كېتىش تەدبىرلىرىنى بىلمىگەنلىرى «ئاجىز كىشىلەر» دېيىلىدۇ.

سۇنماس ئىرادىلىك - ئېھتىياتچان ئادەملەرمۇ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ: بىرىنچى خىلدىكىلىرى يامان ئەھۋاللارنىڭ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىشلەيدۇ، ئىرادە ۋە تەدبىرنى ئۆزلىرىگە ھەمراھ قىلىدۇ. بۇنداق كىشىلەر پالاكەت گىردابىغا يولۇقمايدۇ، سالامەت قۇتۇلۇپ قالىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ بىپەرۋالىقلىرى سەۋەبىدىن كۆڭۈلسىز ھادىسىگە يولۇقۇپ قالسا، تەئەججۈپلىنىپ، ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالماي، تەدبىر بىلەن ئۆزىنى تاۋلاپ، شۇ ھادىسىنى يېڭىشكە كىرىشىدۇ. سۇنماس ئىرادىلىك- ئېھتىياتچان ئادەملەر ئىچىدىكى بىرىنچى خىل ئادەملەر — ئەقىللىق، ئىككىنچى خىلدىكىلىرى بولسا يېرىم ئەقىللىق ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ.

12

قولىڭىزدىن كېلەلمەيدىغان ئىشقا ئۇرۇنماڭ

سوغۇق تۆمۈرنى سوزۇش، كېمىنى چۆلدە ھەيدەش، ئاتنى سۇدا چاپتۇرۇش مۇمكىن بولمىغىنىدەك، قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشقا كىرىشكەن ئادەم ئۆزىنى كۈلكىگە قالدۇرىدۇ.

بېيىت:

بىر ئىش قىلاردا ئاۋۋال ئېھتىيات بىرلە تەپەككۇر قىل،
گەر قولۇڭدىن كەتسە ۋاقىت پايدا بەرمەس پۇشايمان.

13

پەزىلەت دېگەن نېمە؟

پەزىلەت — پۈتۈن گۈزەل ئەخلاقنىڭ ئىنسانىدىكى يىغىندىسىدۇر. پەزىلەت شەپقەتلىك بىر

يولداشتۇركى، ئۇ ئۆزى بىلەن يولداش بولغان ئادەمنىڭ يېنىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ، دۈشمەنگە قارشى كۈرەشتە ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك دوست ۋە ياردەمچى بولمايدۇ.

بىر دانىشمەن ئىنساني پەزىلەتنى مۇنداق شەرھىلىگەنىدى:

1 – سۈكۈت. ئۆزەڭگە ۋە باشقىلارغا پايدا يەتكۈزىدىغان سۆزلەرنى سۆزلە، بولمىسا سۈكۈت قىل؛

2 – ئىنتىزام. ھەر ئىشقا بىر ۋاقىت، ھەر نەرسىگە بىر ئورۇن تەيىن قىل، تەرتىپلىك، ئىنتىزاملىق بول؛

3 – نەپسىنى يىغىش. لايىقىدا، مۇۋاپىق يەپ – ئىچىپ، نەپسىڭنى تىزگىنلە؛

4 – ئىرادە. قولۇڭدىن كېلىدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يەتكەن ئىشقا كىرىش، باشلىغان ئىشىڭنى تاماملاشقا بەل باغلا؛

5 – تەرتىپلىك باشقۇرۇش. قولۇڭغا كىرگەن پۇلنى ئۆزەڭگە، ئائىلەڭگە ۋە باشقىلارغا پايدىسى تېگىدىغان يەرلەرگە سەرپ قىل، ياخشى باشقۇر، ئىسراپچىلىقتىن ساقلان؛

6 – توغرىلىق. ھەربىر ئىشىڭدا، سۆزۈڭدە توغرا بول، توغرا ئىشلە، توغرا سۆزلە، يالغانچىلىق ۋە ئەگرىلىكلەرنىڭ ئەسىرى بولما؛

7 – ھەققانىيەت. ئىنساپ ۋە ئادالەت بىلەن ئىش قىل، ھەقنى ناھەق بىلەن ئارىلاشتۇرما؛

8 – پاكلىق. كۆڭلۈڭدە بولغان ھەر نەرسىنىڭ پاك، تازا بولۇشىغا دىققەت قىل، ئىپلاسلىق، چىرىكلىكتىن ساقلان؛

9 – سەۋر – تاقەت. مۇبادا بېشىڭغا ئېغىرچىلىق چۈشسە، چىدا، سەۋرسىزلىك قىلما، ئېغىرچىلىقنى يوقىتىش ئۈچۈن غەيرەت قىل؛

10 – ئىپپەت. نومۇسىڭنى ھاياتىڭدىن ئارتۇق ۋە مۇقەددەس بىل، ئۇنى دائىم ئاسراشقا، قوغداشقا غەيرەت قىل؛

11 – مۆتىدىل ھالەت. ھەر بىر ئىشتا مۆتىدىل ھالەتتە بولۇشقا ھەرىكەت قىل، «ئىشلارنىڭ ياخشىسى مۆتىدىل ھالەتتە بولغان ئىشتۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى ئۇنتۇما؛

12 – ئەخلاق. ئۆز ئىززەت – نەپسىڭنى يوقاتما، پەسكەش بولما. ئەخلاقلىق، يۇمشاق كۆڭۈللۈك، شېرىن سۆزلۈك، ئوچۇق چىراي، خۇش مۇئامىلىلىك بول.

ئىنساننىڭ ھايات مەزگىلىدە ئېرىشىدىغان شادلىق ۋە راھەتنى ھەمدە كىشىلەردىن كۆرىدىغان ھۆرمەت ۋە خۇشلۇقنى يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن نەسىھەتلەرنى قوبۇل قىلىپ، پەزىلەت ئىگىسى بولۇش يولىدا تەۋرەنمەي مېڭىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ.

## 14

## ئەخلاق دېگەن نېمە؟


ئەخلاق – ئەرەبچە «خۇلۇق» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، ئىنساننىڭ نەپسىدە، تەبىئىتىدە ھاسىل بولغان ۋە داۋاملىشىدىغان بىر خىل ئىش ھالىتىدۇر. ئەگەر داۋاملاشقان ئىش گۈزەل بولسا، «گۈزەل خۇلۇق، ياخشى مىجەز» دېيىلىدۇ، يامان بولسا، «ياۋۇز خۇلۇق، يامان مىجەز» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەدەپ، ئەخلاق، ساداقەت، ئىلتىپات، شەپقەت، ھايا، مۇرۇۋۋەت، ياۋاشلىق، ۋاپا، ئادالەت، سېخىلىق قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەر ياخشى مىجەز – خۇلۇقلۇق ئادەملەردە مەۋجۇتتۇر. ئاما، بېخىللىق، تەكەببۇرلۇق، يالغانچىلىق، ئاداۋەت، پىتنە – ئىغۋا، ھەسەت، مۇناپىقلىق، خىيانەت قاتارلىق ناچار خىسلەتلەر يامان مىجەز – خۇلۇقلۇق ئادەملەردە بولىدۇ. گۈزەل مىجەز – خۇلۇقلۇق ئادەملەرنى خەلق ھۆرمەتلىسە، يامان مىجەز – خۇلۇقلۇق ئادەملەردىن نەپرەتلىنىدۇ.

---

تاشكەنت «ئوقۇتقۇچى» نەشرىياتى 1986 – يىلى نەشر قىلغان «دانىشمەنلەر ئەدەپ – ئەخلاق توغرىسىدا» ناملىق ئۆزبېكچە كىتابتىن:

**جەلىل مۇھەممەد تەرجىمىسى**

تەرجىمە مۇھەررىرى: **قۇربان مامۇت**




## قېرىماس، ئۆلمەس ئادەملەر

مۇھەممەدىن سايىت

ئۇنى كۆرسەڭ
دەيسەن:
«قېرىماپتۇ
تۇرۇپتۇ شۇپېتى...»
بۇنى كۆرسەڭ،
دەيسەن:
«بار ئىكەن تېخى بۇ قېرى،
نەۋاخ ساڭگىلىغان گۆرگە پۇتى.»

نېمە تاپاتتىڭ
ياشقا قېرىلىق،
قېرىغا ئۆلۈم تىلەپ؟
شۇ قېرىلار ئەمەسمۇ،
ياشلىقىمنى ساڭا بەرگەن،
چوڭ قىلغىچە سېنى يېتىلەپ!

ئۇلارنىڭ ياشقىنى
سېنىڭكى ئەمەس ياكى مېنىڭكى،
ئۆزىنىڭ يېشى.
قارىغىنا،
يېشىدىن چوڭ قىلغان ئىشى.

ئۇلار
ئۆزىنى ئەمەس،
يىلنى قېرىتقان!

سەن ـ بىز ئۈچۈن،
ئەۋلادلار ئۈچۈن،
قان ـ تەرىدىن
چۆل ـ دەشتلەردە دەريا ئېقىتقان!
بۇنداق ئادەملەر

قېرىمايدۇ،
تۇرىدۇ ياپياش.
ھەتتا
بۇنداق ئادەملەر

ئۆلمەيدۇ،
بىلىپ قوي، قېرىنداش!

## تەشەككۈرنامە

(«شىنجاڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرى مېھمانخانىسى» نىڭ كوتكوچى قىزلىرىغا بېغىشلايمەن)

مۇھەممەدجان سادىق

كۆرۈنمەس،
قارىغۇ تەقدىر
ئاھ، يىقىتىپ تۈيۈقسىز
سۇندۇردى پۇتۇمنى.
غەم ـ پىغان ئىچىدە ئۆتتى ئايلار...
تېخىچە قايغۇ تۇتتۇنى
چۇلغىۋالغان ھايات ئىشقىدا
يانغان ئوتۇمنى...

شىپا ئىزدەپ
ئۆز دەردىگە غەزەلخان بۇلبۇل
قونىدى كېلىپ
بوغدانىڭ باغرىدىكى گۈلى رەناغا.

چۈشكىنىمدە
تاجىسىغا ئالتۇن كۈن قونغان —
مېھمانىغا،
قىرىق سۆيگە چىلانغان بوۋاقتەك
چىلاندى يۈرەك

بىر ئىزگۈ مېھرى - مەناغا! ...
ئۆرگىلىپ كېتەي!

سەھەردە بىر،
چۈشتە بىر،
كەچتە بىر پەتنۇس كۆتۈرۈپ
كىرىدىغان گۈلگۈن شەپەق —
گۈلدەك يۈزلەردىن!
چۆرگىلىپ كېتەي!
باھار ئاپتىپىدەك ئىللىق تەبەسسۇم،
ياز قىزىقىدەك خۇش مۇئامىلە،
كۈلۈپ تۇرغان —
قارا كۆزلەردىن! ...
رەھمەت سىلەرگە
مېھمان تەشنالىرى،
ھايات ئاشنالىرى،
مېھرىڭلاردىن ھۇزۇرلانغان يۈرەكتىن!
بىمەسىلەر،
چىقار ئېتىلىپ
رەھمەت! — سۆزى
بىزدە —
ئۇيغۇرلاردا
مۇھەببەت يانار تېغى — كۆكرەكتىن! ...
ياڭرايدۇ مېھرىبانلىقنىڭ

جۇشقۇن ناخشىسى،
ھايات ئۆز گۈزەللىكىنى
كۆرگەزمە قىلىۋاتقان يۇرتۇمدا!
تەبەسسۇم چېچىۋاتقان،
غەمگۈزارلىق گۈللىرى ئېچىلىۋاتقان
ئاشۇ يول،
ئاشۇ گۈلشەندە
ناخشامنى ئېيتىپ
نەنە ماڭىمەن پۇتۇمدا!

## ئەقلىيە سۆزلەر

ئىلھام «ھورۇن مېھماندىن ھال سوراش»نى ياقتۇرمايدۇ. — بېلىنىسكى

تالانتنىڭ بىر پىرسەنتى ئىلھام، توقسەن توققۇز پىرسەنتى قان - تەردۇر. — ئېدىسون

بىلىم — ھەر بىر دۆلەتتە جامائەت بەختىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئاساسىدۇر. — ۋاشىنگتون

نىجاد يۈسۈپ تەرجىمىسى

### «ئەتەبەتۇلھەقايىق»تىن پارچىلار

بىلىملىك كىشى قىممەتلىك دىناردۇر،
بىلىمسىز نادانلار قىممەتسىز يارماقتۇر.

ئادەمدە بىلىم بولۇشى سۆڭەكتە يىلىك بولغانغا ئوخشايدۇ.

ئەيىبكار كىشىنىڭ ئەيىبىنى كەچۈر،
ئاداۋەت يىلتىزىنى قازغىن، كۆچۈر.
غەزەب، ئۆچلۈكلۈك ئوت بولۇپ يانساگەر،
مۇلايىملىقنىڭ سۈيىدە ئوت ئۆچۈر.

كەڭ قورساقلىق گويا بىر بىنا بولسا، مۇلايىملىق ئۇنىڭ ئۇلىدۇر، ياكى مۇلايىملىق بىر بوستان بولسا، كەڭ قورساقلىق ئۇنىڭدىكى قىزىل گۈلدۇر.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: سائادەت ئابلەت



# چېخوسلوۋاكىيىدە ئۆتكەن كۈنلەر

مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت

تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيەسىنىڭ باش سىنارىستى، «رەنانىڭ تويى»، «نۇرنىسا»، «قېرىنداشلار» فىلىملىرىنىڭ ئاپتورى يولداش مۇھەممەد ئىمىن ھەزرەت ئۆتكەن يىلى 7 - ئايدا جۇڭگو كىنو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ كارلوۋىي ۋارىي شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 25 - قېتىملىق كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالىغا قاتناشقانىدى. مۇشتەرىلىرىمىزنىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر كىنوچىلىقىنىڭ تەرەققىياتى، يۈزلىنىشى ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ قىسمەن تەرەققىياتى، مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشىگە ياردىمى بولار دېگەن مەقسەتتە ژۇرنىلىمىزنىڭ «دۇنياغا نەزەر» سەھىپىسىدە ئۇنىڭ «چېخوسلوۋاكىيىدە ئۆتكەن كۈنلەر» ناملىق ماقالىسىنى ئېلان قىلدۇق. تەھرىراتىمىز ئاپتونوم رايونىمىزدىن چەت ئەللەرگە چىقىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان، چەت ئەللەردە ئوقۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەلەم تەۋرىتىپ تۈرلۈك ژانىرلاردا يازغان ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەت خاتىرىلىرىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

مۇھەررىردىن

## كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالى

كارلوۋىي ۋارىي — چېخوسلوۋاكىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىگە جايلاشقان، كۆلىمى ئانچە چوڭ بولمىغان گۈزەل قەدىمىي تاغلىق شەھەر.

كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالى 1946-يىلى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، 1959- يىلىغىچە ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن. 1959 - يىلىدىن باشلاپ بىر يىلى موسكۋادا، يەنە بىر يىلى كارلوۋىي ۋارىيدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان. ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان تاشكەنت خەلقئارا كىنو پېستىۋالىدىن باشقا، كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالى 7 - ئاي مەزگىلىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن، ۋاقتى 14 كۈن بولىدىكەن. بۇ قېتىم (1986 - يىل 7- ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە) ئۆتكۈزۈلگەن پېستىۋال ئەمەلىيەتتە كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالىنىڭ 40 يىللىقى بولغاچقا، ھەر قانداق يىلدىكىدىن داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى.

دۇنياغا نەزەر

كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالىنى چېخوسلوۋاكىيە كىنو شىركىتى بىلەن تىياتىرچىلار - سەنئەتكارلار بىرلەشمىسى بىرلىكتە

باشقۇرۇپ ئۆتكۈزىدىكەن.

كارلوۋى ۋارى خەلقئارا كىنو پېستىۋالى خەلقئارادىكى سىياسىۋىيلىكى بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان پېستىۋال ھېسابلىنىدىكەن. بۇ پېستىۋالنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردىكى شوئارلىرى مۇنداق ئىكەن:

«يېڭى كىشىلەر ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ گۈزەل ھاياتى ئۈچۈن» (1948 – يىل)، «تىنچلىق ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ يۈكسەك تىرىشچانلىقى ئۈچۈن» (1954 – يىل)، «كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالىيجاناب مۇناسىۋەت ئۈچۈن، ھەر قايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مەڭگۈلۈك دوستلۇق ئۈچۈن» (1956 – يىل)، «ئىنسانلار – ھاياتنىڭ قۇرغۇچىلىرىدۇر ۋە قۇربانلىق مالالىرىدۇر» (1962 – يىلدىن 1966 – يىلغىچە)، 1975 – يىلدىن كېيىن ئىنسانپەرۋەرلىك، مىللەتلەر ئارا چۈشىنىش ۋە تىنچلىق قاتارلىق شوئارلار تەكىتلىنىپ كەلگەنىكەن. يېقىنقى ئىككى قېتىملىق كىنو پېستىۋالىدا 1956 – يىلدىكى شوئار قايتا تەكىتلىنىپ كەلمەكتىكەن.

كىنو پېستىۋالىنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىلغا بۆلۈنىدىكەن: (1) كىنو مۇسابىقىسى (مۇنەۋۋەر ھېكايە فىلىم ۋە رېژىسسورنىڭ تۇنجى ھېكايە فىلىمى باھالىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ)؛ (2) كۆرسىتىلىدىغان فىلىملار (نۆۋەتتە دۇنيا كىنو ساھەسىدە نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تالاش – تارتىش بولۇۋاتقان فىلىملار ۋە ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەمدە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ مەشھۇر فىلىملىرى)؛ (3) كىنو مۇھاكىمە يىغىنى (بۇ، كىنو نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە بولۇپ ئىختىيارىي ھالدا ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇلىدىكەن. بۇ يىغىن 1968 – يىلى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، 1974 – يىلدىن باشلاپ يەنە ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپتۇ)؛ (4) بۇرۇنقى كىنو فىلىملىرىنى تاللاپ كۆرسىتىش؛ (5) كىنو سودا بازىرى (كىنو سودا بازىرى 1970– يىللاردىن باشلاپ قوشۇلغان يېڭى مەزمۇنىكەن).

يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئىچىدە كىنو مۇسابىقىسى ھەجىم جەھەتتىن بىر قەدەر زور بولغان نۇقتىلىق پائالىيەت ئىكەن.

كارلوۋى ۋارى خەلقئارا كىنو پېستىۋالى دۇنيادىكى ئابرۇيلۇق پېستىۋاللارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بېرى بۇ پېستىۋالغا قاتنىشىۋاتقان دۆلەتلەر 60 تىن ئاشىدىكەن.

كىنو باھالاش كومىتېتى خەلقئارادا نامى بار كىنو نەزەرىيىچىلىرى ۋە رېژىسسورلاردىن تەركىب تاپىدىكەن. باھالاش ھەيئەتلىرى ئايرىم – ئايرىم ئىسمىسىز بېلەت تاشلاپ بېلەتنىڭ سانىغا قاراپ مۇكاپاتقا ئېرىشكۈچى كىنولارنى بېكىتىدىكەن. ھېكايە فىلىم سەككىز تۈردە باھالىنىپ 11 خىل مۇكاپات بېرىلىدىكەن.

رېژىسسورنىڭ تۇنجى فىلىمى ئۈچ تۈردە باھالىنىپ توققۇز خىل مۇكاپات بېرىلىدىكەن.

مەملىكىتىمىز 1950–يىلىدىن باشلاپ بۇ كىنو پېستىۋالىغا قاتناشقان بولۇپ، «جۇڭخۇا ئوغۇل–قىزلىرى»، «پولات جەڭچى»، «ئاق چاچلىق قىز»، «بەخت تىلەش»، «نېي ئېر» قاتارلىق 20 گە يېقىن كىنو فىلىمىنى قاتناشتۇرغان. 1962–يىلىدىن باشلاپ 20 يىل كارلوۋى ۋارى خەلقئارا كىنو پېستىۋالى بىلەن بولغان ئالاقىمىز ئۈزۈلۈپ قالغان. 1982–يىلىدىن باشلاپ بۇ پېستىۋالنىڭ كىنو سودىسىغا قاتنىشىۋاتقانىكەن. 1984–يىلى 24–قېتىملىق پېستىۋالغا «ستۇدېنتكىلار ياتىقى» دېگەن فىلىمنى قاتناشتۇرغانىكەن. بۇ قېتىم «پەزىلەتلىك ئايال» دېگەن فىلىم قاتناشتۇرۇلدى.

7–ئاينىڭ 3–كۈنى سائەت سەككىزدە مەخسۇس كىنو پېستىۋالى ئۈچۈن سېلىنغان بىنانىڭ چوڭ زالىدا 25–قېتىملىق خەلقئارا كىنو پېستىۋالىنىڭ داغدۇغىلىق ئېچىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

زالنىڭ سىرتىغا 44 دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقى رەتلىك ئېسىپ قويۇلۇپتۇ. زالنىڭ ئىچىدە بولسا، سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئېگىز بۇرجەككە مۇسابىقىغا قاتنىشىدىغان 33 دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقى سىزىلغان تاختاي مەخسۇس چۈشۈرۈلگەن نۇر بىلەن چاقناپ تۇرۇپتۇ.

سائەت سترېلكىسى دەل سەككىزنى كۆرسەتكەندە، پېستىۋالغا بېغىشلانغان ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە زال غۇۋالىشىپ، چىراغ نۇرى ئوڭ تەرەپتىكى كىرىش ئىشىكىگە مەركەزلەشتى-دە، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ كىنو چولپانلىرىدىن ئالتە نەپەر قىز كارلوۋىي ۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالىنىڭ گېربى چۈشۈرۈلگەن ھاۋارەڭ بايراقنى تۆت بۇرجىكىدىن تەكشى تۇتۇپ ئېلىپ كىرىشتى. پۈتۈن زالدىكى يىغىن ئەھلى بىردەك ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردۇق. بايراق مۇزىكا ساداسى ئىچىدە سەھنىنىڭ سول تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلدى، ئاندىن كېيىن ئۆز ئورنىمىزدىن ئورۇن ئالدۇق.

يىغىندا چېخوسلوۋاكىيە سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋە كىنو ساھەسىنىڭ مەسئۇللىرى قىسقىچە سۆز قىلدى ۋە چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئېچىلىش مۇراسىمىغا ھەرقايسى دۆلەتلەردىن كەلگەن كىنو ۋەكىللىرىدىن باشقا دۇنيادىكى مۇناسىۋەتلىك گېزىت، ژۇرنال، تېلېۋىزىيە مۇخبىرلىرى ۋە چېخوسلوۋاكىيىنىڭ سەنئەت ساھەسىدىكى خېلى كۆپ كىشىلىرى سىرتتىن قاتناشتى. ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ چېخوسلوۋاكىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىرىمۇ جۈملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ چېخوسلوۋاكىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسىمۇ قاتناشتى.

مۇراسىمدىن كېيىن، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ «مەن قامالغان كېچە» دېگەن فىلىمى كۆرسىتىلدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ «پەزىلەتلىك ئايال» دېگەن فىلىمى مۇسابىقىنىڭ ئىككىنچى كۈنىگە (5-ئىيۇلغا) ئورۇنلاشتۇرۇلغانىكەن. قائىدە بويىچە كىنو باشلىنىشتىن بۇرۇن شۇ دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرىنى سەھنىگە باشلاپ چىقىپ بىر بىرلەپ تونۇشتۇرۇش بىلەن بىرگە، قويۇلىدىغان فىلىمنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنىمۇ تونۇشتۇرىدىكەن. بىز سەھنىگە چىققاندا تۆۋەندە خېلىغىچە ئالقىش ياڭراپ تۇردى. كىنو باشلىنىش ئالدىدا زالدىكى ئورۇندۇقلار ئاساسەن تولۇپ بولغانىدى. كىنو قويۇلۇۋاتقاندا تاماشىبىنلار ئاساسەن كىنوخانىدىن چىقىپ كېتىشمىدى. كىنو تۈگىگەندىن كېيىن قىزغىن ئالقىش ساداسى ياڭرىدى ۋە بىر مۇنچە دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى، بولۇپمۇ ياپونىيە، شىمالىي چاۋشيەن، موڭغۇلىيە، پولشا، چېخوسلوۋاكىيە، مىسىر، ھىندىستان، ئىران ۋەكىللىرى بىز بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، «پەزىلەتلىك ئايال» فىلىمىنى تەبرىكلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

## بۇ قېتىمقى پېستىۋالدا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن فىلىملار

بۇ قېتىمقى كىنو پېستىۋالىدا مۇسابىقىغە قاتناشتۇرۇلغان ۋە كۆرگەزمىگە قويۇلغان فىلىملارنىڭ تۇرمۇش ۋەقەلىكى خىلمۇ خىل، بەدىئىي سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى فىلىملار ئىكەن. مەن پەقەت بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشكەن بىر قىسىم فىلىملارنى قىسقىچە تونۇشتۇرماقچىمەن:

ئاۋستىرالىيىنىڭ «ئەجەل يولى» دېگەن فىلىمى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات — «خرۇستال گلوبۇس» باش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئەپسۇسكى بۇ كىنو قويۇلغاندا جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنى چېخوسلوۋاكىيە كىنو شىركىتىنىڭ باشلىقى ۋە مۇشۇ قېتىمقى كىنو پېستىۋالىنىڭ باشقۇرغۇچىسى مارۋانا قوبۇل قىلغانلىقتىن، بۇ كىنونى كۆرەلمەي قالدۇق.

ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات — «لىدىسى گۈلى» مۇكاپاتىغا چېخوسلوۋاكىيىنىڭ «مەن قامالغان كېچە» ناملىق فىلىمى ئېرىشتى. بۇ فىلىمدا 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ چېخوسلوۋاكىيە ئاياللىرىغا ئېلىپ كەلگەن ئېغىر پاجىئەلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلىدىكەن.

«ئالىي مەخسۇس مۇكاپات» (ئۈچىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا توغرا كېلىدۇ)قا ئارگېنتىنانىڭ «مەن سېنى سۆيىمەن»، «پەزىلەتلىك ئايال»، شىمالىي چاۋشيەنىنىڭ «ئىللىقۋاتقان باھار» فىلىملىرى ئېرىشتى. مۇكاپات بۇيۇمى بولسا خرۇستال ئەينەكتىن ياسالغان تىنچلىق كەپتىرى ئىكەن.

ئارگېنتىنانىڭ «مەن سېنى سۆيىمەن» دېگەن فىلىمىدا 17 – 18 ياشلاردىكى بىر قىزدا تۇغۇش ئىستىكى پەيدا بولۇپ، قورسىقىغا ياستۇق تېڭىپ ھامىلدار قىياپىتىدە يۈرۈيدىكەن. ھەممە ئادەم بۇ قىزنى ئېغىر ئاياغ دەپ بىلىدىكەن. ئەمەلىيەتتە بولسا، بۇ قىزنىڭ يۈرگەن يىگىتىمۇ يوق ئىكەن. قىز يالغاندىن قورساق كۆتۈرۈپ يۈرۈش جەريانىدا بىر يىگىت بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن مۇھەببەتلىشىپ يۈرۈيدىكەن، ئاخىرى قىز راستىن ھامىلدار بولىدىكەن. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن يىگىت قىزنى تاشلاپ كېتىپ قالىدىكەن. بۇ قىزنى باشقا بىر يىگىت ياخشى كۆرىدىكەن. قىز ئىككىنچى يىگىت بىلەن يۈرۈيدىكەن. قىزنىڭ ئاتا – ئانىسى بىر كىچىك تىياتىرخانىنىڭ ئارتىسلىرى بولۇپ ئۇلارمۇ بالىنىڭ تۇغۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىكەن. قىز ئاخىرى دوختۇرخانىدا ناھايىتى قىيىنىلىپ تۇغىدىكەن. بوۋاقنىڭ «ئىڭگە» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان يىگىت ۋە تېخى توي قىلمىغان قىزنىڭ چىرايىدا بەخت تەبەسسۇمى پارلايدىكەن. فىلىمنىڭ خاتىمىسىدە يەڭگىگەن ھېلىقى قىزنىڭ قوشنىسىنىڭ 15 ياشلاردىكى قىزىمۇ قورسىقىغا ياستۇق تېڭىپ ھامىلدار قىياپىتىدە كوچىغا چىقىدىكەن. كوچا بويلاپ بارا – بارا يىراقلاپ كىنو تۈگەيدىكەن.

بۇ فىلىم – ھازىر «جىنسىي ئازادلىقى» نەزەرىيىسى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەرب ئەللىرىدە يامراۋاتقان: توي قىلماسلىق، «ھېسسىيات» نى پەردە قىلغان قالايمىقان جىنسىي مۇناسىۋەت، ئاياللار بالا تۇغۇش ۋە بالا بېقىشنى خالىماسلىقتەك نورمالسىز ئىجتىمائىي ھادىسىگە قارشى بىر خىل مەنىۋى ئىسيان بولسا كېرەك.

مەملىكىتىمىزنىڭ «پەزىلەتلىك ئايال»فىلىمىدا: ئازادلىقتىن ئىلگىرى خەنزۇلار تۇرمۇشىدا ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق نىكاھ تۈزۈمى پاش قىلىنغان بولۇپ، فىلىمدا ئالتە ياشلىق ئوغۇلغا 18 ياشلىق قىزنى چېتىپ قويىدۇ. قىز، ئېرى ھېسابلانغان ئالتە ياشلىق بالىنى ئۆز ئۆكىسى قاتاردا باقىدۇ. سەبىي بالىمۇ بۇ قىزنى ئۆز ئاچىسى دەپ قارايدۇ. قىز بولسا، باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بۇ ئىش سېزىلىپ قالغاندىن كېيىن قىز قاتتىق ھاقارەت ۋە يەكلەشكە ئۇچرايدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن قىز بۇ ئائىلىدىن ئايرىلىپ كېتىپ قالىدۇ.

بۇ فىلىم تۇرمۇش چىنلىقىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن، بەدىئىي جەھەتتىن خېلى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن جۇڭگو فىلىملىرىدىن بىرى بولسىمۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ئادەتتىكى تاماشىبىنلار بۇ فىلىمدىن ئالاھىدە بەدىئىي زوق ئالالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، بۇ فىلىم كىنو پېستىۋالىغا قاتناشقان غەربنىڭ كىنو خادىملىرىدا كۈچلۈك قىزىقىش قوزغىدى. بۇ فىلىمنىڭ رېژىسسورى خۋاڭ جەنجۇڭ خەلقئارا كىنو ئوبزورچىلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. «پەزىلەتلىك ئايال» فىلىمىنىڭ بۇ قېتىم مۇكاپاتقا ئېرىشىشى مەملىكىتىمىزنىڭ كىنوچىلىق ساھەسى ئۈچۈن ئېيتقاندا خېلى كاتتا شەرەپ، ئەلۋەتتە.

شىمالىي چاۋشيەنىنىڭ «ئىللىقۋاتقان باھار» ناملىق فىلىمىدا بۆلۈنۈپ تۇرغان ئىككى چاۋشيەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئىدىيىسى ئىلگىرى سۈرۈلگەنىكەن.

تۆتىنچى دەرىجىلىك مۇكاپات– «باھالاش كومىتېتىنىڭ مەخسۇس مۇكاپاتى» غا ۋېنگىرىيىنىڭ «بىكارچىلىقتا»، بۇلغارىيىنىڭ «ياخشى كۆرىدىغان ئاۋارىگەرچىلىك» دېگەن فىلىملىرى ئېرىشتى. ۋېنگىرىيىنىڭ «ياخشى كۆرىدىغان ئاۋارىگەرچىلىك» دېگەن فىلىمىدا، نۆۋەتتە ۋېنگىرىيىدە

ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋاسىتىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. فىلىمدا مۇنداق ۋەقە با-
يان قىلىنىدۇ: ئۇزۇن يىللاردىن بېرى زاۋۇتتا سوتسىيالىستىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى بولۇپ، كۆپ
ئوردېنلارغا ئېرىشكەن سېخ مۇدىرى ئىسلاھاتتا يېڭى، زامانىۋى تېخنىكا سەۋىيىسى بولمىغانلىق-
تىن، سېخ مۇدىرلىقىدىن قېپقالىدىكەن. تېخنىكلار سابىق سېخ مۇدىرىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەيدىكەن.
سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانلىق شەرىپىمۇ يېڭىلارغا تەئەللۇق بولۇشقا باشلايدىكەن. سېخ
مۇدىرىنىڭ باشقىلار قەلبىدىكى ھۆرمىتىمۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇشقا باشلايدىكەن. سېخ مۇدىرى
بارغانسېرى تۇرمۇشتا چۈشكۈنلىشىپ، ئىشتىن چۈشۈپلا كۈننى يالىڭاچ ئاياللار ئۇسسۇل ئوينايدى-
غان قاۋاقخانىدا ئۆتكۈزىدىكەن. ھاراق ئىچىپ مەس بولۇپ باشقىلار بىلەن ئۇرۇشىدىكەن. بارغان-
سېرى مىجەزى چۇس بولۇپ قالغان بۇ سابىق سېخ مۇدىرى بىر كۈنى يولدا ئۆزى يېقىن
ئۆتىدىغان ياش بىر ئىشچىنى ئۇرۇپ كوچىغا يىقىتىۋېتىدىكەن - دە، ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان بىر
پىكاپ يىقىلغان ئىشچىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىكەن. سابىق سېخ مۇدىرى بولسا قاتىل دەپ
قارىلىنىپ تۈرمىگە ئېلىپ مېڭىلغان كۆرۈنۈش بىلەن فىلىم ئاخىرلىشىدىكەن. كىنو جانلىق تۇر-
مۇش دېتاللىرى ئارقىلىق تەسىرلىك قىلىپ ئىشلىنىپتۇ.

بۇلغارىيىنىڭ «ياخشى كۆرىدىغان ئاۋارىگەرچىلىك» دېگەن فىلىمىدا بولسا، سوتسىيالىستىك
مەملىكەتلەردىكى «ئارقا ئىشىك» مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى، يۈك ماشىنىسى-
نىڭ 40 نەچچە ياشلىق شوپۇرى بولۇپ (شوپۇررولىنى ئالغان ئارتىس كىنو پېشىۋالىغا كەلگەنىكەن)، شوپۇر
قاتناش كالونىيىدىكى ماشىنا بەلگىلىگۈچى ئايال بىلەن بىرلىشىپ خىيانەت قىلىدىكەن. شوپۇر يۈك-
نىڭ بىر قىسمىنى ئەپ ئاپقان يەردە ساتىدىكەن. ئەمما ماشىنا بەلگىلىگۈچى ھەممە يۈكنى تولۇق
دەپ، تالونغا تامغا بېسىپ بېرىدىكەن. شوپۇرنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى
دادىسىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى بىر - ئىككى قېتىم كۆرۈپ قالىدىكەن. كېيىن شوپۇرنىڭ ئوغلى ئىشكاپ-
نىڭ بىر تارتمىسى ئىچىدە نۇرغۇن پۇلنى كۆرۈپ قېلىپ دادىسىغا: «دادا، بۇ پۇللار پاكىز پۇل ئەمەس،
مەن، دادام ياخشى ئادەم دەپ يۈرەتتىم. سېنىڭ بۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلمەيتتىمەن ...»
دەپ دادىسىنى ئەيىبلەيدىكەن. بالا شۇندىن باشلاپ دادىسىغا قانداقتۇر بىر يامان ئىش بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان ئادەم دەپ گۇمان بىلەن قارايدىكەن. شوپۇرغا بارا - بارا ئوغلىنىڭ مۇئامىلىسى
چوڭقۇر تەسىر قىلىشقا باشلايدىكەن. ئۇ، ئاخىرى ئومۇمنىڭ مۈلكىگە خىيانەت قىلىشتىن قول ئۈ-
زىدىكەن. ماشىنا بەلگىلىگۈچى ئايال بولسا، ئۇنى يەنىلا ماشىنىدىكى يۈكنى سېتىپ پۇل تېپىشقا
زورلايدىكەن. شوپۇر بۇ ئىشتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزگەنلىكىنى، ئەندى خىيانەت بىلەن شۇغۇل-
لانمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ قەتئىي رەد قىلىدىكەن. شۇندىن باشلاپ ماشىنا بەلگىلىگۈچى، بۇ شوپۇر
ھەر قېتىم ئەكەلگەن يۈكنى ياكى كەم يازىدىكەن، ياكى يۈكنى چۈشۈرۈشكە ئادەم بەرمەي شوپۇرنى
يۈك چۈشۈرگىلى سالىدىكەن. شوپۇر ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتتىن كۆپ زەربىگە ئۇچرايدىكەن.
شۇنداقتىمۇ ماشىنا بەلگىلىگۈچىنىڭ باشلىغان يامان يولىغا كىرمەيدىكەن. ئاخىرى ماشىنا بەل-
گىلىگۈچى بىر قىسىم خىيانەتچى لۈكچەكلەرنى كۈشكۈرتۈپ بۇ شوپۇرنى قاتتىق ئۇرغۇزىدىكەن. بىر
كېچە ھوشسىز يېتىپ ئەتىسى ھوشىغا كەلگەن بۇ شوپۇر جان ئاچچىقىدا ئۆمىلەپ تۇرۇپ ماشىنىسى-
غا چىقىپ، ماشىنىسىنى غەزەپ بىلەن ھەيدەپ كېلىپ ماشىنا كالونىيىنىڭ مەيدانىدا ھېلىقى لۈكچەك-
لەرنى باستۇرماق ئۈچۈن قوغلايدىكەن ۋە ئاخىرى ماشىنىنى ماشىنا بەلگىلىگۈچىنىڭ ئىشخانىسىغا
ئارقا - ئارقىدىن ئۇستۇرۇپ، ئىشخانىنى پاچاقلاپ تاشلايدىكەن. ماشىنا بەلگىلىگۈچى ۋە ئۇنىڭ

شېرىكلىرى ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىپ ساق قالىدىكەن. ئەمما بۇ شوپۇرنىڭ ماشىنىسى پاچاقلىنىپ ئۆزىمۇ كابىنكىدا جان ئۈزىدىكەن. ئاخىرى ئوغلى جان ئۈزگەن دادىسىنى قۇچاقلاپ: «دادا، سەن ياخشى ئادەم، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ داد-پەرياد قىلىدىكەن. فىلىم شۇ كۆرۈنۈش بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن.

## كۆرگەن فىلىملاردىن قىسقىچە تەسىرات

بۇ قېتىمقى كارلوۋىۋارىي خەلقئارا كىنو پېستىۋالىدا مۇسابىقىغە قويۇلغان فىلىملارنى مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈشكە بولىدىكەن: (1) ئۇرۇشقا قارشى فىلىملار يەنى 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پاجىئەسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن فىلىملار؛ مەسىلەن: سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «قارىغاچ مېڭىشلار»، پولشانىڭ «كىرىست ئوغلى»، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ «مەن قامالغان كېچە»، شەرقىي گېرمانىيىنىڭ «ئايال خىزمەتچى» قاتارلىق فىلىملىرى. ئۇرۇشقا قارشى فىلىملارنىڭ ھەممىسى شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك مەملىكەتلەرنىڭ فىلىملىرى بولۇپ، بۇ فىلىملاردا 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە فاشىستلىرىنىڭ شەرقىي ياۋروپا خەلقىغە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك قىرغىنچىلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇرۇشنىڭ ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان مىسلىسىز ئاپەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

(2) نادانلىق، قالاقلىق، قاششاقلىقنى پاش قىلغۇچى فىلىملار؛ مەسىلەن: يوگوسلاۋىيىنىڭ «فروكا»، تۈركىيىنىڭ «پاقا تۇتقۇچى»، جۇڭگونىڭ «پەزىلەتلىك ئايال»، بىرازىلىيىنىڭ «تىزېپو»، ئاۋستىرىيىنىڭ «راففىل» قاتارلىق فىلىملىرى. بۇ فىلىملاردا ئاساسەن 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە 20-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىكى ۋەقەلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، نامرات تۇرمۇش مۇھىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ نادانلىق، قاششاقلىق، بىلىمسىزلىك ۋە ياۋايىلىقلىرى، كىشىلەرگە شۇ ئىجتىمائىي مۇھىت ئېلىپ كەلگەن ئېچىنىشلىق بەختسىزلىكلەر ئاددىي تۇرمۇش كارتىنىسى ئارقىلىق چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن.

(3) كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك نورمال تۇرمۇشى، يەنى تىنچ ئۆتۈۋاتقان ئاددىي ھاياتتىكى كىشىلەرنىڭ قەلب تىنچسىزلىقى، تۇرمۇش، مۇھەببەت، ئائىلە، مەنىۋى نامراتلىق...قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان فىلىملار؛ بۇ خىل فىلىملار غەرب دۇنياسىدا بىر قەدەر ئالقىشقا ئېرىشىدىكەن. غەربىي گېرمانىيىنىڭ «ئەرلەر»، ئامېرىكىنىڭ «بوۋدىيا ئانگىسا»، ياپونىيىنىڭ «كۆلگىگە يوشۇرۇنغان يىغا»، فرانسىيىنىڭ «پامپول يولىدا»، شۋېتسىيىنىڭ «مېنىڭ ئىت كەبى ھاياتىم»، گىرېتسىيىنىڭ «كولىيە» قاتارلىق فىلىملىرى ئەنە شۇ خىل فىلىملاردىن ئىكەن. بۇ خىل فىلىملارنىڭ بىر قىسمىدا تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە جەلب قىلىش كۈچى كۈچلۈك ئىكەن. ئەپسۇسكى فرانسىيىنىڭ «پامپول يولىدا» دېگەن فىلىمىدا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ۋە ماۋجۇشىنى مەسخىرە قىلىدىغان بىر نەچچە كۆرۈنۈش بار ئىكەن. شۇڭا بۇ كىنونىڭ قىسقىچە ھېكايە ۋەقەلىكى ئۈستىدە ئازراق توختىلىشنى خالايمەن.

بۇ فىلىمدا، مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ قاچىلاش سېخىدىكى بىر جۈپ ياش ئەر-خوتۇن ئىشچىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى تەسۋىرلىنىدۇ. فىلىمنىڭ باش قەھرىمانى (بۇ قىزمۇ بۇ قېتىمقى كىنو پېستىۋالىغا قاتناشتى) ئېرىنى، بالىسىنى ۋە زاۋۇتنى تاشلاپ پاساژىر ئاپتوبۇسى بىلەن يىراق سەپەرگە كېتىۋاتقانلىقى بىلەن كىنو باشلىنىدۇ. ئۇ، ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ بولغان ۋە بولغۇسى ئىشلارنى ئەسلەش بىلەن بىللە ئەخمىقانە ئارزۇ، بىمەنە خىياللارنى قىلىدۇ. يەنى، ئۇ ئۆز ئېرى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا قانداق مۇھەببەتلەشكەنلىكىنى، زاۋۇتتا قانداق ئىشلىگەنلىكىنى، بالىسىنى قانداق باققانلىقىنى ئويلايدۇ. ئاندىن پاھىشە ئايال

بولۇشىنى خىيال قىلىدۇ. ئاندىن كېيىن خىيالىدا بولشېۋىك بولۇپ فرانسىيەدە لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئاخىرى فرانسىيە ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قېلىپ جازا مەيدانىدا مەردانىلارچە قۇربان بولىدۇ. ئۆلۈپ كېتىش ئۇنىڭغا ياقمايدۇ. ئۇنىڭ يەنە ماۋجۇشى بولغۇسى كېلىدۇ. بۇ چاغدا تيەنئەنمېن مۇنبىرىدە تۇيۇقسىز خۇڭۋېيبىڭ بەلگىسىنى تاقىغان ماۋجۇشى پەيدا بولىدۇ. تيەنئەنمېن مەيدانىدا مىليونلىغان خۇڭۋېيبىڭلار ھاياجانلىق كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ قىزىل تاشلىق ئۆزۈندە كىتابىنى پۇلاڭلىتىپ «ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ (بۇ كۆرۈنۈشلەر ھۆججەتلىك فىلىمدىن ئېلىنغانىكەن). ئاندىن ماۋجۇشى ئورنىدا تۇيۇقسىز بۇ قىز ئىشچىلىق كىيىمىنى كىيگەن ھالدا پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭمۇ بىلىكىدە قىزىل لاتا. قولىدا بولسا ئۆزىنىڭ كۆك تاشلىق كۈندىلىك خاتىرىسى. ئۇ قولىدىكى كۆك تاشلىق خاتىرىنى تۆۋەنگە قاراپ پۇلاڭلاتتىدۇ. تۆۋەندە بىلىكىگە قىزىل لاتا چىگىۋالغان نۇرغۇن فرانسۇز ياشلىرى كۆك تاشلىق خاتىرىلەرنى پۇلاڭلىتىپ «ياشىسۇن!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. كىنو تۈگىگەندىن كېيىن بىزگە قاراپ كۈلۈشتۈۋاتقانلارنى كۆرۈپ، ئىززەت - نەپسىم ۋە غۇرۇرۇم ھاقارەتلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ كۆڭلۈم غەش بولدى. ھەمراھلىرىمىنىڭ چىرايلىرى ئالىقاچان تاتىرىپ كەتكەنىكەن. ئەگەر مۇشۇ خىلدىكى كىنو كۆرۈنۈشلىرىنى جۇڭگودىكى ۋاقتىمىزدا كۆرگەن بولساق، ھېچقانداق غەيرىي تۇيۇلماس ئىدى. چۈنكى بىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا ئەبەدىي لەنەت ياغدۇرىمىز. پارتىيە ۋە داھىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى خاتالىقى ئۈستىدىنمۇ مۇناسىپ يەكۈن چىقىرىلدى. ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە چەتئەللىكلەر ئارىسىدا ئولتۇرۇپ جۇڭگو خەلقىنى ئەخمەق ۋە ساراڭ قىياپەتتە كۆرسىتىدىغان بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈش كىشىگە ھاقارەتلىك تۇيۇلىدىكەن. چۈنكى بىز جۇڭگولۇق!... بىراق فرانسىيە تەرەپكە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئەلچىخانىمۇ، بىزمۇ ئىلاجىسىز قالدۇق. چۈنكى كىنودىكى بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى تارىختا سادىر بولغان پاكىتلار ئىدى. بۇ ھەقتە بىلمەي سورىغانلارغا: «ھازىر بىزنىڭ مەنىۋى ساغلاملىقىمىز تامامەن ئەسلىگە كەلدى. مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى بىر ھاقارەتلىك سەھىپە بولۇپ قالدى. جۇڭگونى چۈشىنىشنى خالىساڭلار بۈگۈنكى جۇڭگونى كۆرۈڭلار» دەپ جاۋاب بەردۇق.

## پىراگا تەسىراتلىرى

كىنو پېستىۋالى جەريانىدا كۆرىدىغان كىنو ناھايىتى زىچ ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەنلىكتىن، ساياھەت، ئېكسكۇرسىيە ئىشلىرى ئۇيۇشتۇرۇلمايدىكەن. شۇڭا، بىز 7 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كۆرىدىغان بىر كۈنلۈك كىنونىڭ مەرىدىن كېچىپ، پىراگانى كۆرۈش ئۈچۈن كەلدۇق:

بىزگە پىراگا ساياھەت ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ 70 ياشلارغا يېقىنلاپ قالغان بىر يول باشلىغۇچىسى ھەمراھ بولدى ۋە شەھەرنىڭ مۇھىم مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تونۇشتۇردى.

پىراگانىڭ مەركىزىي كوچىلىرىغا ماشىنا كىرگۈزمەيدىكەن. شۇڭا پىيادە يۈرۈشكە توغرا كەلدى.

پىراگا 1000 يىللىق تارىخقا ئىگە شەھەر ئىكەن. ھازىرقى پىراگانىڭ ئۇزۇنلۇقى 30 كىلومېتىر، كەڭلىكى 25 كىلومېتىر بولۇپ، يېشىللىققا پۈركەنگەن بۇ گۈزەل شەھەردە بىر مىليون 200 ئاھالە ياشايدىكەن.

يولباشلىغۇچى بىزگە ئاۋۋال زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنى زىيارەت قىلىش تەكلىپىنى بەردى. بىز پىيادە قەدىمىي كوچىلاردا ماڭدۇق. بۇ كوچىلار پراگانىڭ 1000 يىللىق تارىخىغا گۇۋاھ ئىكەن. كوچىلارغا ياپىلاقلىغان تاشلار رەتلىك تىزىلغانىكەن. كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى شام ياقىدىغان قەدىمىي چىراقلارمۇ ئۆز پېتى تۇرۇپتۇ. بۇ كوچىلار 14 - ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنلا ياسالغان پېتى تۇرۇپتۇ. كېيىن كۆردۇقكى، مەركىزىي كوچىلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ خىلدىكى قەدىمىي كوچىلار ئىكەن. بىز كوچا بويلاپ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بىنالارنى ھەۋەس بىلەن كۆزدىن كەچۈرگەچ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە كەلدۇق. زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى ئالدىدىكى چوڭ كوچا ھېلىھەم ئۆزىنىڭ 400 يىل ئىلگىرىكى قىياپىتىنى ساقلاپ كەپتۇ. بىز كېلىۋېتىپ خېلى يىراقتىنلا زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدىكى زۇڭتۇڭ بىناسىنىڭ ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغان بايراقنى كۆردۇق. يول باشلىغۇچى بايراققا قاراپ: «بۈگۈن زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىدا بار ئىكەن، ئۇ بايراق زۇڭتۇڭ بايرىقى، زۇڭتۇڭ ئىشخانىسىدا ئىشلەۋاتقان ۋاقىتتا بۇ بايراق بىنا ئۈستىگە چىقىرىلىدۇ. زۇڭتۇڭ بىنادىن ئايرىلغان مىنۇتتا بايراقمۇ چۈشۈرۈلىدۇ» دېدى.

بىز زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا كەلسەك بۇ يەردە ئىككى-ئۈچ نەپەر چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر تۇرۇپتۇ. يول باشلىغۇچى: «بۇلار دەرۋازىدىكى پوستنىڭ ئالمىشىشىنى كۆرۈشكە ساقلاپ تۇرغانلار، پوست بىر سائەتتە بىر قېتىم ئالمىشىدۇ. پوست ئالمىشىشنى كۆرۈشنىڭ قىزىقى بار. بىزمۇ بىر نەچچە مىنۇت كۈتەيلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئادەملەر قاتارى ساقلاپ تۇردۇق. ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن تۆمۈر رىشاتكىلىق بۇ ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە مىلتىق تۇتقان ئىككى ئەسكەر قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسكەرلەر بىر سائەت توشقىچە قىمىر قىلماي تۇرىدىكەن. بىر چاغدا ئوردا ئىچىدىن ئۈچ ئەسكەر تەكشى قەدەم تاشلاپ دەرۋازا ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قەدەم تاشلىشى شۇنچىلىك ئاستا ۋە شۇنچىلىك قىزىق ئىكەنكى ھەر قانداق ئالدىراش ئىشى بار ئادەممۇ ئىختىيارسىز قاراپ تۇرۇپ قالىدىكەن. بىر ئەسكەر ئىككىيلەننى باشلاپ چىققۇچى ئىكەن. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرغاندىن كېيىن، ئاندىن پوستتىكى ئىككىيلەن كېلىپ باشلىغۇچى ئەسكەرنىڭ ئارقىسىغا تىزىلىدىكەن. ئۇلار قانداق چىققان بولسا، يەنە شۇنداق ئاستا ۋە رەتلىك مېڭىپ كىرىپ كېتىدىكەن. ئەسكەرلەرنىڭ ئوردا ئالدىدا پوستتا تۇرۇشى بىر خىل سىمۋول خاراكتېرلىك ۋە ياكى رەسمىيەت خاراكتېرلىك ئىش بولسا كېرەك. بۇ دەرۋازىدىن ھەر قانداق ئادەم (مەيلى چېخوسلوۋاكىيىلىك بولسۇن، مەيلى چەت ئەللىكلەر بولسۇن) كىرىپ- چىقىۋېرىدىكەن. پوستتا تۇرغۇچىلارنىڭ چاتىقى يوق ئىكەن. بىزمۇ زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى قورۇسىغا كىرىپ كەتتۇق. مەن قىزىقىپ يول باشلىغۇچىدىن: «ئادەملەر زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە خۇددى ئاممىۋى باغچىلارغا ئوينىغىلى كىرگەندەكلا ئىختىيارىي كىرىپ كېتىۋېرىدىكەن. بۇنداق بولسا، زۇڭتۇڭنىڭ خاتىرجەم خىزمەت ئىشلىشىگە، بىخەتەرلىكىگە تەسىر يەتمەيدۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «خەلقتىن قورققان ئادەمنىڭ خەلققە رەھبەرلىك قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ. ھەر كۈنى نەچچە مىڭلاپ ئادەم زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى قورۇسىنى زىيارەت قىلىدۇ. زۇڭتۇڭ ۋە زۇڭتۇڭنىڭ ھەمراھلىرى ئۆز بىناسىدا ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەۋېرىدۇ. ھېچكىم ھېچكىمگە دەخلى قىلمايدۇ» دېدى. مەن بۇ ئادەمگە قىزىقىپ قالدىم ۋە سورىدىم:

— سىز ئۇزۇندىن بۇيان ساياھەتچىلەرگە يول باشلاش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتامسىز؟

— ياق، مەن 1949 - يىلى پراگادىكى چارلىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەنمەن. ئۆمۈر بويى مائارىپ ۋە تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندىم. سوۋېت ئىتتىپاقى، موڭغۇلىيە، ياپونىيە، ھىندونېزىيە، فىلىپپىن ۋە شەرقىي، غەربىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە بولغانمەن. يازغان بىر نەچچە كىتابلىرىم بار. بىر نەچچە يىل ئىلگىرى پېنسىيىگە چىقتىم. پېنسىيە مائاشىم بار. پراگانىڭ ۋە پراگادىكى ھەر بىر كوچا ۋە مۇھىم ئاسارە ئەتىقىلەرنىڭ تارىخى مەن ئۈچۈن بەش قولدەك ئايان. شۇڭا، مەن ساياھەتچىلەرگە يول باشلاشنىڭ ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىمەن. بۇ ئىشىم ئۈچۈن ھەق بېرىشىدۇ. تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ باياشات ئۆتكۈزىمەن-دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ.

— سىز بىر پېشقەدەم دوكتور ئىكەنسىز. چەت ئەللىك ساياھەتچىلەر ئۈچۈن يول باشلىغۇچى بولۇپ، ھەر كۈنى ھېرىپ-چارچاپ، پىيادە پالاقشىپ يۈرۈشتىن ئىزا تارتامسىز؟

— ئىزا تارتىدىغان نېمىسى بار؟ دۆلىتىمىزنىڭ ئالدىنقى نۆۋەتتىكى زۇڭتۇڭى ھازىر بىر زاۋۇتتا بوغالتىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچكىم ھەيرانلىق ھېس قىلمايدۇ.

زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى قورۇسى ھەر بىر تارىخىي دەۋردە بىر قېتىمدىن كېڭەيتىلىپ، ھەر بىر پادىشاھ دەۋرىدە بىردىن يېڭى بىنا سېلىنىپ كەلگەنىكەن. ھازىرمۇ خىزمەت بىناسى قىلىنىۋاتقان بۇ بىنالارنى بىر بىرلەپ كۆرۈپ چىقتۇق (بىنالارنىڭ ئىچىگە كىرمىدۇق. چۈنكى ئىشخانىلاردا ھۆكۈمەت ئەربابلىرى خىزمەت ئىشلەيدىكەن). ئاندىن ئورددىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئاسمانغا بوي تارتىپ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان چېركاۋنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق. بۇ ھەقىقەتەن كىشىنىڭ ئەقلىي ھەيران قالغۇدەك كاتتا چېركاۋ ئىكەن. چېركاۋنىڭ تاملىرى، مۇنارلىرى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان بولۇپ، تاملاردىكى نەقىشلەر، رەسىملەر ۋە تاشقا ئويۇلغان ھەيكەللەر ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپا بىناكارلىقى، گۈزەل سەنئىتى ۋە ھەيكەلتاراشلىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەنتەنە قىلغۇچى نامايەندە سۈپىتىدە ھەر ۋاقىت ھەر قايسى ئەل ساياھەتچىلىرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرىدىكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ چېركاۋ پارىژدىكى بۇۋى مەريەم چېركاۋىسىدىن قالسا، ياۋروپادا ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدىكەن. يول باشلىغۇچى پېشقەدەم دوكتورنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، 9-ئەسىردە بۇ يەرگە يۇنانلىق ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار سىلاۋىيانلارغا خەت ئۆگەتكەنىكەن. ئۇنىڭ بىرسى قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ۋە جەسىتى مۇشۇ چېركاۋنىڭ ئورنىغا كۆمۈلگەنىكەن. قەبرە ئورنىغا كېيىن خاتىرىلەش يۈزىسىدىن چېركاۋ سېلىنغان بولۇپ، بۇ چېركاۋ 14-ئەسىردە يەنى چېخ مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى چارلىز IV-نىڭ دەۋرىدە مانا مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك قىلىپ سېلىنغانىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئارىدىن 600 يىل ئۆتۈپ 1929-يىلى چېركاۋ يەنى بىر قېتىم رېمونت قىلىنىپتۇ. بىز زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى قورۇسىدىكى بىنالارنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن يەر ئاستى پويىز بىلەن چارلىز كۆۋرۈكىنى كۆرگىلى باردۇق.

پراگا ۋىلتاۋا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا سېلىنغان شەھەر ئىكەن. چارلىز كۆۋرۈكى 14-ئەسىردە چارلىز IV-نىڭ سالدۇرغان زور قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ۋىلتاۋا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كوچىلارنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىكەن. ھازىر دەريانىڭ بىر قانچە يېرىدە زامانىۋى كۆۋرۈكلەر قۇرۇلغان بولسىمۇ، ئەمما، چارلىز كۆۋرۈكى بىر مەشھۇر ئاسارە ئەتىقە سۈ-

پىتىدە يەنىلا ئۆزگىچە بەرقلىنىپ تۇرىدىكەن. پراگاغا كەلگەن ساياھەتچىلەرنىڭ ھەرقاندىقى بۇ كۆۋرۈكنى كۆرمەي كەتمەيدىكەن. كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلۇقى 7 – 8 يۈز مېتىر كېلىدىكەن. بۇ كۆۋرۈك پۈتۈنلەي تاش بىلەن پۈتكۈزۈلگەن بولۇپ، يەنە مىڭ يىللاپ مۇشۇ پېتى بۇزۇلماي تۇرىدىغانلىقىدا شەك يوق. كۆۋرۈكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى سالاسۇنلىرىدا تاشتىن ياسالغان ئون نەچچە ھەيكەل بار ئىكەن. بۇ ھەيكەللەر ھەر خىل مەزمۇنغا ئىگە ئىكەن. چۈشەندۈرگۈچى بىزگە تۆت كىچىك بالىنى قۇچىقىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ تۇرغان بىر ئاتىنىڭ ھەيكىلىنى كۆرسىتىپ: «بۇ چارلىز IV نىڭ ھەيكىلى، بۇ تۆت بالا بولسا چارلىز IV سالدۇرغان پراگادىكى تۆت ئالىي مەكتەپكە سىمۋول قىلىنغان...» دېدى. پراگادىكى مەشھۇر قۇرۇلۇشلارنىڭ بىر مۇنچىسىنى 14-ئەسىردە چارلىز IV سالدۇرغانىكەن. بۇ دەۋر پراگانىڭ ئەڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى ئىكەن. بىز يەنە شۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولغان چارلىز مەيدانىنى كۆردۇق. چارلىز مەيدانىنىڭ چوڭلۇقى ئۈرۈمچىدىكى خەلق مەيدانىنىڭ چوڭلۇقىچىلىكمۇ يوق ئىكەن، ئەمما بۇ مەيدان چېخوسلوۋاكىيە تارىخىدا پارلاق سەھىپىگە ئىگە ئىكەن. چۈنكى تارىختىكى نۇرغۇن ئىنقىلابلار، ئىشچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلار ھەرىكەتلىرى مەشەدە پارتلىغانىكەن. قىسقىسى، پۈتكۈل پراگا شەھىرىنى بىر مۇزېي دېسە ئارتۇق كەتمەيدىكەن. شەھەر بىنالىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئوتتۇرا ئەسىردە سېلىنغانىكەن. مۇشۇ ئەسىردە، بولۇپمۇ يېقىنقى 30 – 40 يىل مابەينىدە سېلىنغان بىر نەچچە خەلقئارالىق چوڭ مېھمانخانىدىن باشقا بىنالار يوق دېيەرلىك ئىكەن. ھازىرقى بىنالار گەرچە ئېگىز بولسىمۇ، ئەمما سۈپەتتە ئىلگىرىكى ئەسىرلەرنىڭ بىنالىرىدىن كۆپ تۆۋەن تۇرىدىكەن.

چۈشەندۈرگۈچىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ياۋروپادا ئۆزىنىڭ 19-ئەسىر ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان بىردىنبىر شەھەر پراگا ئىكەن. پراگا 1- ۋە 2- دۇنيا ئۇرۇشلىرىدىمۇ ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىمىغانىكەن.

پراگادا كۆكەرتىشكە ۋە مۇھىت تازىلىقىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلگەنىكەن. ئادەتتە كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىكەن. كوچىدا تىرامۋاي ۋە ئاپتوبۇسلار بار ئىكەنۇ، ئەمما كەمدىنكەم قاتناپ تۇرىدىكەن. يەر ئاستى پويىزدا ئادەم كۆپ بولىدىكەن. چۈشۈپ-چىقىدىغان بىر-ئىككى يۈز مېترلىق پەلەمپەيلەرنىڭ ھەممىسى ئاپتوماتىك بولغاچقا، يولۇچىلار ئۈچۈن ناھايىتى قولايلىق ئىكەن. بېلەت ساندۇقىغا پۇل تاشلىسا، بېلەتنى چىقىرىپ بېرىدىكەن. بېلەتنى كۆتۈرۈپ بارسا كىرىش ئىشىكىمۇ ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىدىكەن.

پراگادىكى ھەر بىر خىزمەت بىناسى ئالدىدا نۇرغۇن پىكاپلار توختىتىپ قويۇلغانلىقىنى كۆردۇق. كوچىلاردىمۇ پىكاپ كۆپ ئىكەن. پراگادا ھەر تۆت نەپەر ئادەمگە بىردىن پىكاپ توغرا كېلىدىكەن. ھەممە ئائىلىلەرنىڭ پىكاپى بار ئىكەن. بۇ دۆلەتنىڭ ئىش تۈزۈمى كۈنىگە ئالتە سائەت، ھەپتىسىگە بەش كۈن ئىكەن. شەنبە، يەكشەنبىدە مەيلى ئىدارە، جەمئىيەت ياكى ماگىزىنلار بولسۇن، بىردەك تاقىلىدىكەن (ئايرىم زاۋۇت ۋە ئورۇنلار، مەسىلەن: ئېلېكتر ئىستانسىسى، پوچتىخانا قاتارلىقلاردا نۆۋەتلىشىپ دەم ئالسا كېرەك). دەم ئېلىش كۈنلىرى كىشىلەر ئۆز پىكاپلىرىغا ئولتۇرۇپ، خالىغان يەرلىرىگە ھەتتا (سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە ئىچىدىكى) قوشنا دۆلەتكە چىقىپ ئويناپ كېلىدىكەن. ماگىزىنلاردا ماللار مول ئىكەن، ئەمما، بۈگۈنكى كۈندىكى دۇنيا بازىرىدا ھۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلەۋاتقان ياپون ماللىرىنى ۋە غەربىي ياۋروپا ماللىرىنى چېخوسلوۋاكىيە ماگىزىنلىرىدا كۆرۈش قىيىن ئىكەن. بۇ دۆلەتتە ياپونىيىنىڭ رەڭلىك تېلېۋىزورلىرى، ئۈنئالغۇلىرى كەمدىن

كەم تېپىلىدىغان قىممەتلىك بۇيۇملاردىن ھېسابلانسا كېرەك. غەربمالىلىرىنى كىرگۈزمەيدىغان ئەھۋال سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلە ئىچىدىكى (يۇگوسلاۋىيە بىلەن جۇڭگو بۇ ئائىلىنىڭ ئەزاسى ھېسابلانمايدىكەن) دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە بار ئىكەن. ھەتتا رەڭلىك رەسىم لېنتىلىرىنى يۇغۇزۇش ئۈچۈن ئىككى ئاي مۇھلەت كېتىشتىن سىرت، رەسىم سۈپىتىمۇ ناچار ئىكەن. دۆلىتىمىزنىڭ چېخوسلوۋاكىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىدىكى خادىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار رەڭلىك رەسىم لېنتىلىرىنى جۇڭگوغا ئەۋەتىپ يۇيدۇرىدىكەن.

چېخوسلوۋاكىيىدە مال باھاسىنىڭ جۇڭگودىكىدىن كۆپ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. چېخوسلوۋاكىيە پۇلىنى كورۇن (Korun) دەپ ئاتايدىكەن. ئون كورۇن بىر ئامېرىكا دوللىرىغا باراۋەر ئىكەن. ئادەتتىكى بىر ئەرەنچە كۆڭلەك 200 كورۇن ئەتراپىدا (جۇڭگو پۇلىدا 70 نەچچە يۈەن) ئىكەن. بىر كاستيۇم - بورۇلكا جۇڭگو پۇلىدا 500 يۈەن قىممىتىدە ئىكەن. بىر كىلو بەمدۇرنى 15 كورۇن (جۇڭگو پۇلىدا بەش يۈەن) گە سېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بىر تال كىنو بېلىتى جۇڭگو پۇلىنىڭ قىممىتىدە تۆت يۈەندىن سەككىز يۈەنگىچە سېتىلىدىكەن. شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، چېخوسلوۋاكىيىدە شەخسىي تىجارەتكە مۇتلەق يول يوق ئىكەن، ھەتتا گازىر، سەي قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ شەخسىيلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا سېتىشىغا يول قويۇلمايدىكەن. چېخوسلوۋاكىيىدە مال باھاسىنىڭ قىممەت بولۇشىغا يارىشا مائاشىمۇ يۇقىرى ئىكەن. باش ئەلچىمىزنىڭ بىزگە تونۇشتۇرۇشىچە، جۇڭگودا ئوتتۇرىچە مائاش 60- 70 يۈەن ئەتراپىدا بولسا، چېخوسلوۋاكىيىدە ئوتتۇرىچە مائاش 3000 كورۇن (جۇڭگو پۇلىدا 1000 يۈەندىن ئارتۇق) ئىكەن. ئالىم، دوكتۇر، پروفېسسورلارنىڭ ئايلىق مۇئاشى 10 مىڭ كورۇنغىچە يېتىپ بارىدىكەن (جۇڭگو پۇلىدا 3600 يۈەنگە توغرا كېلىدۇ). شۇڭا، چېخوسلوۋاكىيە خەلقى بىر قەدەر باياشات ئىقتىسادىي تۇرمۇش شارائىتىغا ئىگە ئىكەن. ئادەملەرنىڭ كىيىنىشتە ۋە تۇرمۇشتا بىر قەدەر ئىختىيارىي ئىكەن. يېرىم يالىڭاچ يۈرۈش غەربىي ياۋروپادىمۇ، شەرقىي ياۋروپادىمۇ ئوخشاشلا ئادەت ئىكەن. چېخوسلوۋاكىيىدىمۇ خۇددى ياۋروپانىڭ باشقا يەرلىرىدىكىگە ئوخشاش كۆپىنچە ئەرلەرنىڭ (بولۇپمۇ ياشلارنىڭ) چېچى ئاياللارنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدىغان، ئاياللارنىڭ چېچى ئەرلەرنىڭكىدىن قىسقا بولىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇد ئىكەن. ئاممىۋى سورۇنلاردىمۇ ئادەملەر ئۆز مۇھەببەتداشلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈۋېرىدىكەن.

مەن ئاز سانلىق مىللەت ئادىمى بولغانلىقىم ئۈچۈن چېخوسلوۋاكىيىدىكى مىللىي مۇناسىۋەت ۋە مىللىي مۇناسىۋەتنى بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى بىلگۈم كەلدى. بۇ ھەقتە ئەلچىخانىدىكىلەردىن سورىدىم. دۆلىتىمىزنىڭ چېخوسلوۋاكىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ۋاكالەتچىسى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: «چېخوسلوۋاكىيىدىكى چېخ بىلەن سلوۋاكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى مىللەتنىڭ ئايرىم- ئايرىم جۇمھۇرىيىتى بار. ھەر بىر مىللەت ئۆز ئىشىنى ئۆزى ئىدارە قىلىدۇ. ھەر ئىككى مىللەتنىڭ مىللىي غۇرۇرى كۈچلۈك. مىللىي زىددىيەت مەۋجۇد. ئەمما ئاشكارا سۈرلۈش يوق. زىددىيەت پەقەت مالىيە كەيپىيات مەسىلىسىدە ئەكس ئېتىدۇ. چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى مالىيە مەسىلىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراپدۇ ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىدۇ. چېخلار ئاھالىنىڭمۇ، زېمىننىڭمۇ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن. سلوۋاكلار بولسا ئۈچتىن بىر قىسمىنى ئىگىلىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي چېخوسلوۋاكىيە كوممۇنىس-

تىڭ پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھەر ئىككى جۇمھۇرىيەتكە مەبلەغ ئاجراتقاندا ئاساسەن ئوخشاش دېگۈدەك تەقسىم قىلىدۇ. كادىر تەييارلاشتىمۇ شۇنداق؛ مىسالى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش سېكرېتارى چېخ مىللىتىدىن بولسا، چوقۇمكى مۇئاۋىنى سلوۋاك مىللىتىدىن، زۇڭتۇڭ سلوۋاك بولسا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ چېخ مىللىتىدىن بولىدۇ. ھەتتا چەت ئەلگە ئەۋەتىدىغان ئەلچىلەرنىڭمۇ باش ئەلچى چېخ بولسا، مۇئاۋىنى چوقۇم سلوۋاك بولىدۇ. ھەر ئىككى مىللەتكە تەڭ ئېتىبار بېرىش بۇ دۆلەتتە مۇتلەق. شۇڭا مىللىي سۈركىلىشمۇ يۈز بەرمەيدۇ.»

## باشقا تەسىراتلار

بىزنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشىمىز بويىچە ئۆلچىگەندە، غەربلىكلەرنىڭ ئەخلاقسىزلىقىدا ھەتتا ئېغىر ھاياسىزلىقتا ياتىدىغان بەزى ئادەتلىرى بار. بىز ئۇلارنىڭ بۇ تەرىپىنى كۆرگەندە، ئۆزىمىزنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن ئېپتىخارلىق ھېس قىلىشقا ھەقلىقمىز. ئەمما، غەربلىكلەرنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئىلغار پەن - تېخنىكىسىدىن باشقا ھەر قانداق يەر ۋە ھەر قانداق ئاممىۋى سورۇندا ئۆزئارا بىر بىرىگە كۆرسىتىدىغان ھۆرمەت ۋە تەكەللۇپى بىزنىڭ بولۇپمۇ ياشلىرىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىكەن. مەن مەيلى شىۋېتسارىيىنىڭ سىيۇرىخ شەھىرىدە بولسۇن، چېخوسلوۋاكىيىنىڭ پراگا ياكى كارلوۋىي ۋارىي شەھەرلىرىدە بولسۇن كىشىلەرنىڭ مۇئامىلىدىكى يېقىملىق، گەپ-سۆزدىكى سىلىقلىق، كەيپىياتتىكى قىزغىنلىقنى ھەممە يەردە كۆردۈم ۋە ھېس قىلدىم. بىز مەيلى ماگىزىنغا كىرمەيلى ياكى رېستورانغا كىرمەيلى پىرىكازچىكلارنىڭ، رېستوران خىزمەتچىلىرىنىڭ قىزغىن، ئەمما تەبىئىي ھالدا: «مەرھەمەت! نېمە سېتىۋېلىشنى خالايسىز كەن؟!» «مەرھەمەت، كۆڭلىڭىز قانداق تاماقنى تارتىدۇ؟» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىدۇق. مېھمانخانىلاردا گەرچە بىر بىرىمىز بىلەن تونۇشمىساقمۇ «خەيرلىك سەھەر»، «ياخشىمۇسىز؟»، «كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن!» دەيدىغان تەكەللۇپ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇردۇق ۋە بىزمۇ شۇنداق دېيىشكە ئادەتلەندۇق. ئادەملەر قىستىلىشىپ قالىدىغان ئاممىۋى سورۇنلاردا، مەسىلەن: كىنوخانىنىڭ كىرىش - چىقىش ئىشىكىدە، ئاپتوبۇس، تىرامۋايلاردا، كېچىلىك زىياپەتلەردە، لېفىتتا: «مەرھەمەت!»، «كەچۈرۈڭ!» «رەھمەت!» دېگەن سۆزلەر ئۈزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. بۇنداق تەكەللۇپ سۆزلىرى مەيلى ئىنگلىز، فرانسۇز، ياكى رۇس، نېمىس تىللىرىدا ئېيتىلسۇن، بۇ سۆزلەرنى قايسى سىنىپ، قايسى مىللەت، قايسى تەبىقىنىڭ ئادىمى ئېيتسۇن، ئىنسانلار ئۆزئارا بىر بىرىنى ھۆرمەتلەيدىغان، قەدىرلەيدىغان ئورتاق مەزمۇننى ئىپادىلەيدىكەن.

ياۋروپادا بىزدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر يېڭىلىق شۇكى، ئاممىۋى مەيدانلاردا مەيلى ماگىزىن، رېستوران، كىنوخانا، تانسا زالى... بولسۇن ھەممە يەردە كىشىنىڭ دىمىقىغا گۈپۈلدەپ خۇشپۇراق ئەتىرنىڭ پۇرىقى پۇراپ تۇرىدىكەن. مېنىڭچە، شۇ ئورۇنلارغا دائىم ئەتىر چېچىلىپ تۇرۇشى ناتايىن. شۇنىسى ئېنىقكى خاھى ئايال بولسۇن، خاھى ئەر بولسۇن سىرتقا چىقىش ئالدىدا دائىم ئۆزىگە ئەتىر چېچىۋالىدىكەن. ماگىزىنلاردا ئاياللارغا خاس، ئەرلەرگە خاس بولغان ئەتىرلەر كۆپ ئىكەن.

## ئەگەر شىنجاڭ ئۆز فىلىملىرىنى خەلقئارا كىنو پېستىۋالىغا قاتناشتۇرماقچى بولسا

خەلقئارا كىنو پېستىۋالىدا مۇسابىقىگە قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالايدىغان فىلىملار تۇرمۇش چىنلىقىغا ھەقىقىي سادىق بولغان، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، دەۋر ئالاھىدىلىكىگە، يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان بولۇشى كېرەك. بەدىئىي ئۆلچەم تەلىپى ئەلۋەتتە يۇقىرى.

مىللىي ئالاھىدىلىك دېگىنىمىز — مىللەتنىڭ تۈپ خاراكتېرىدىكى ئالاھىدىلىكتۇر.

بۇ قېتىمقى كىنو پېستىۋالىدا مەملىكىتىمىز فىلىمى «پەزىلەتلىك ئايال» نىڭ قارشى ئېلىنىشقا ئېرىشىشى ۋە موكاپاتقا ئېرىشىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلى فىلىمدا ئەكس ئەتكەن قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىك بولدى. بەش - ئالتە ياشلىق كىچىك بالىغا 17 - 18 ياشلاردىكى قىزنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ بېرىش — پەقەت كونا جۇڭگودىكى خەنزۇلار تۇرمۇشىدا بار مىللىي ئادەت. بۇنداق ئادەت ياۋروپادىلا ئەمەس، ئاسىيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدىمۇ بولمىغاچقا، پۈتكۈل پېستىۋال ئەھلى بۇ كىنونى قىزىقىپ كۆردى.

برازىلىيە فىلىمى «تىۋرېنو» بىلەن جۇڭگو فىلىمى «پەزىلەتلىك ئايال» ئوخشاشلا فېئوداللىزمنىڭ نىكاھ مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىكەن. ئەمما ئىككى دۆلەتتىكى مىللىي ئالاھىدىلىك ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوخشاش بىر خىل مەزمۇندىكى كۆرۈنۈش مۇنداق ئىككى خىل شەكىلدە ئىپادىلەنگەن: برازىلىيە فىلىمى «تىۋرېنو» دا نامرات ئائىلىنىڭ قىزى بىر باينىڭ ئوغلى بىلەن مۇھەببەتلىشىپ قالىدۇ. ئۇلار بىر بىرىنى ياخشى كۆرۈشىدۇ. بىراق ئايرىم ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمايدۇ. ئاخىرى ئېتىز بويىدىكى بىر چاتقاللىقتا بۇنداق پۇرسەت يارىتىلىدۇ. قىز - يىگىت ئىككىيلەن ئىككى تەرەپتىن بىر بىرىگە ئىنتىزارلىق بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىدۇ - دە، بىر - بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىشىدۇ . . . بۇ كۆرۈنۈشتە ھېچقانداق دىئالوگ يوق، پەقەتلا مۇھەببەت تەشنالىقىنى ئىپادىلىگۈچى ھەرىكەتلا كۆرسىتىلىدۇ.

جۇڭگو فىلىمى «پەزىلەتلىك ئايال»دا كىچىك بالىنىڭ ئايالى بولغۇچى قىز قېيىن ئانىسىغا تۇغقان كېلىدىغان بىر يىگىت بىلەن ياخشى كۆرۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلارغىمۇ ئاسانلىقچە خالى يەردە ئۇچرىشىش پۇرسىتى بولمايدۇ. بىر بىرىگە سېغىنچىلىق تەلپۈنۈپ تۇرۇۋاتقان بىر جۈپ قىز - يىگىت مېكتەسالىكتە ئۆزئارا ئۇچراشقاندا گەپلىرى تاقىلىپ - تۇرۇقى، ھەتتا بىر بىرىنىڭ قولىنى تۇتۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ. دېمەك، غەربلىكلەرنىڭ ئىشقى - مۇھەببەت ئىزھار قىلىشتىكى ھېسسىياتىنى فونتانغا ئوخشاتساق، ئاسىيالىقلارنىڭ بولۇپمۇ خەنزۇلارنىڭ بۇ خىل ھېسسىياتىنى چايدانغا ئوخشىتىش مۇمكىن. يەنى ئىچى قىزىق، تېشى سوغۇق. مانا مۇشۇ خىلدىكى پىسخىك ئالاھىدىلىك پېرسوناژنىڭ خاراكتېرىدە ئىپادىلىنىدۇ. خاراكتېردىكى بۇنداق ئالاھىدىلىك شۇ پېرسوناژ مەنسۇپ بولغان مىللىي ئالاھىدىلىك كاتېگورىيىسىگە تەئەللۇقتۇر. بىزنىڭ تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن فىلىملار بولسۇن ياكى ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ستۇدىيىلەر شىنجاڭغا كېلىپ ئىشلىگەن فىلىملار بولسۇن، بىر مۇنچە فىلىملاردا مىللىي خاراكتېر ھېچقانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىنى ئۆز ئىجادىيىتىگە تېما قىلغۇچى بىر قىسىم سىنارىست، رېژىسسورلار ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا - ئۇسسۇلغا ھېرىسمەن تەرىپىنىلا نەزەردە تۇتۇپ خاراكتېر يارىتىدۇ - دە، نەتىجىدە كىنودا ئەكس ئەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاراكتېرىدا يەڭگىللىك، تەنتەكلىك، شاللاقلىق ئالامەتلىرى كۈچلۈك بولىدۇ. ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى چوڭقۇر چۈشەنمەسلىك بەزى مىللىي ئىجادىيەتچىلەردىمۇ مەۋجۇد. ئەگەر شىنجاڭ فىلىملىرىنى خەلقئارا كىنو پېستىۋالىغا قاتناشتۇرماقچى بولساق، بۇ دىققەت قىلىدىغان بىرىنچى مەسىلە.

يەنە بىرى، كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى دەۋرگە ۋە شۇ كونكرېت شارائىتقا ماس بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ بەزى فىلىملىرىمىز ئىپادىلىگەن تېما، پېرسوناژنى ئەمەس، كىيىم، ئۆي جاھازلىرى ۋە مەنزىرىنى ئاساس قىلىدۇ. ئىشچى ئىشقا ئىش كىيىمى بىلەن با-

رىدۇ. دېھقان ئېتىزغا مېھمانلىق كىيىمىنى كىيىپ چىقىشى ناتايىن. ھەر ئۆيىنىڭ قانداق بېزىلىشى شۇ ئۆي ئىگىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا باغلىق. تۇرمۇش چىنلىقىنى ئىپادىلەشتە، كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى ۋە مۇھىت ئىنتايىن مۇھىم. ھەممىدە پېرسوناژنى چىقىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا كىنو پېستىۋالىغا قاتنىشىدىغان فىلىم ئىشلەشنىڭ يەنە بىر شەرتى ھازىرلانغان بولىدۇ.


دەۋر ئالاھىدىلىكى. دەۋر ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىز — ھەرگىزمۇ شۇ دەۋردىكى سىياسەت ئالاھىدىلىكى بولماستىن، بەلكى شۇ دەۋرنىڭ خىلمۇ-خىل كىشىلەر ۋۇجۇدىدىكى خىلمۇ - خىل ئىنكاسى. مەسىلەن: ھازىر ئىسلاھات جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. ئىسلاھاتتا بىر مۇنچە ئادەملەر بېيىدى. بىر قىسىملار بېيىيالمىدى. بىر قىسىملار ناتوغرا يول بىلەن بېيىشقا ئالدىرىدى. بەزىلەر ھوقۇققا ئېرىشتى، بەزىلەر ھوقۇقتىن ئايرىلدى. ئىشقىلىپ ئىسلاھاتقا ئەگىشىپ جەمئىيەتتە، كىشىلەر كەيپىياتىدا جانلىنىش مەۋجۇد. ئادەملەر ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن يېڭى تۇرمۇش رېتىمىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا. مۇشۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن روھ، زىددىيەت، كۈچ، خۇشاللىق ۋە قايغۇ بار. ئەمما جەمئىيەتتە ئىسلاھات توغرىسىدىكى سىياسىي، نەزەرىيىۋى پاراڭلارنى قىلىدىغان ئادەم ئاز، مۇشۇ شارائىتقا ماسلىشىپ تىرىكچىلىك ئۈچۈن تىرىشىپ - تىرمىشىۋاتقانلار سان - ساناقسىزدۇر. بىزنىڭ دەۋر روھى دېگىنىمىز — ئەنە شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتكەن روھتۇر.

تۇرمۇش چىنلىقىغا ئەمەل قىلىش — ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تۈپ پرىنسىپى. كىنو پېستىۋالى بۇ پرىنسىپقا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىكەن ۋە مۇشۇ پرىنسىپ ئاساسىدا پېستىۋالغا قاتنىشىدىغان فىلىملارنى تاللايدىكەن. بىزگە مەلۇمكى ھىندىستان، پاكىستان، بېنگال قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ فىلىملىرىنىڭ ھېچقايسىسى ناخشا - ئۇسسۇلدىن خالى ئەمەس، ئەمما بۇ دۆلەت خەلقلىرى تۇرمۇشتا ناخشا ئارقىلىق پاراڭلاشمىغاچقا، پېستىۋالغىمۇ بۇ خىلدىكى فىلىملار قاتنىشتۇرۇلمايدىكەن. بۇ قېتىم پېستىۋالغا قاتناشقان ھىندىستان، بېنگال (پاكىستان پېستىۋالغا قاتناشمىدى) فىلىملىرى ناخشىسىز، ئۇسسۇلسىز، ھەرىكەتتىمۇ، گىرىمدىمۇ ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى فىلىملىرىدەك مۇبالىغە يوق. پېستىۋالغا قاتناشقان نۇرغۇن فىلىملارنى كۆرۈۋاتقاندا بۇ فىلىملارنىڭ كەينىدە يازغۇچى، رېژىسسور، ئوپېراتور بارلىقىنى كىشى تامامەن ئۇنتۇيدۇ. ئېكراندا كۆرۈنۈۋاتقان پېرسوناژلارنىمۇ كىشى ئارتىس دەپ ئويلىمايدۇ. بىزدە پېستىۋالغا قاتنىشالايدىغان فىلىم ئىشلەش ئۈچۈن ھاياتنى توغرا كۆزىتەلەيدىغان، سەنئەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن، ئىنسانىيەتنى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان سىنارىست، رېژىسسور، ئوپېراتور، ئارتىسلارنىڭ بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم.

شىنجاڭدا كىنوچىلىق ئىشلىرى يېقىندىن راۋاجلىنىۋاتىدۇ. ئىختىساسلىق كىنو ئىجادىيەتچىلىرى كەم، ئۇسكۇنىلەر يېتەرسىز. ئەمما، ئىشەنچەم كامىلكى، شىنجاڭ دېگەن يەرنىڭ بارلىقىنى، ئۇيغۇر دېگەن مىللەتنىڭ بارلىقىنى بىلمەيدىغان نۇرغۇن پېستىۋال قاتناشچىلىرى ئارىسىدا شىنجاڭ فىلىملىرىمۇ ھامان بىر كۈنى خەلقئارا كىنو پېستىۋالىغا قاتناشقۇسى ۋە مۇكاپاتقا ئېرىشكۈسى. مەن ھەم مۇشۇ مەقسەت يولىدا ھەرقانداق بەدەل، قۇربانلىق بېرىشتىن قورقماي، تىرىشىمەن، ئۆگىنىمەن، ئىزدىنىمەن.

1986 - يىل 8 - ئاي، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان ماھۇت




## پالۋان كەلدى

ماھمۇدجان ئىسلام

ئورىدىن تاقاپ كۆكرىكىمگە،
ۋەتەن ئوغلى — پالۋان كەلدى.
ئاتەش يۈرەك، مەردۇ مەيدان،
جەڭدە باتۇر ئارسلان كەلدى.

يالقۇن كېچىپ، قانلار كېچىپ،
دۈشمەنلەرگە ئوتلار ئېچىپ،
جەڭگاھ ئارا ياۋنى چەيلەپ،
ئەلگە كۆكسى قالقان كەلدى.

تاشتى سۆيگۈ دىلىمىزدىن،
ئاقتى ئالقىش تىلىمىزدىن.
ئەلگە شەرەپ قۇچقان مەردىنىڭ،
ئىش ئىزلىرى داستان كەلدى.

## ئاي بىر جۇپ بوپ كۆرۈندى

نۇرمۇھەممەد جەلىل

ئۈزەر ئالتۇن قولۋاقتەك،
ئونبەش كۈنلۈك تولۇنئاي.
تارام-تارام نۇر تۆكەر،
يەرگە بېقىپ خۇشچىراي.

يارىم بىلەن ئىككىمىز،
سەيلە قىلدۇق كېچىدە.
سىرداشتۇق بىز قانغىچە،
شېرىن ھېسلار ئىچىدە.

جىلۋىسىدىن نىگارنىڭ،
كۆڭلۈم يايراپ سۆيۈندى.
كۆككە باقتىم، يەرگە ھەم،
ئاي بىر جۇپ بوپ كۆرۈندى.

## كەلگىن باھار قالغىچى

ئابدۇللا سۇلايمان

باھار ئەلچىسى قالغاچ،
ماڭا مېھمان بولۇپ قال.
ھەمراھ بولۇپ سەن ماڭا،
سارىيىمغا ئۇۋا سال.

يەتكۈز ماڭا خۇشخەۋەر،
شەھەر، يېزا، تاغلاردىن.
بەخت گۈلى ئېچىلغان،
سۇلماس چىمەن باغلاردىن.

ياشلىقىمنىڭ جەۋلانى،
كەلگىن باھار قالغىچى.
سەن كۆكلەمنى كۈيلەيسەن،
مەن ئىشقىدا يانغۇچى.

## ئالما

(ئۆسمۈرلەر ناخشىسى)

ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

ئالما، ئالما، تاتلىق ئالما،
دىلغا ھوزۇر. شادلىق ئالما.

پاتماي قاپسەن شاخ-شاخلارغا،
زىننەت بېرىپ گۈلباغلارغا.

يېگىنىمدە كەتتىڭ ئېرىپ،
دىلغا شېرىن لەززەت بېرىپ.

تەر تۆككەچكە باغۋەن ساڭا،
رەھمەت دەيمەن دىلدىن ئاڭا.





(بېشى ئۆتكەن سانىدا)

## قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى

### ئۆي - جايى

قازاق خەلقىنىڭ ئولتۇرىدىغان يەرلىرى يىلىنىڭ تۆت پەسلىگە قاراپ قىشلاق، كۆكلەم، ياي-لاق، كۈزلەك دەپ تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە كۆكلەم بىلەن قىشلاق بىر جايدا بولىدۇ. ئۇلار قىش-لاقلاردا كېسەك ياكى سوقما تاملاردىن سېلىنغان ئۆيلەردە، يىلنىڭ باشقا پەسىللىرىدە بولسا كىگىز ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بىرنەچچە ئۆي بىر ئاۋۇل ھېسابلىنىدۇ. ئاۋۇل بىر ئاتىدىن تارالغان بىرنەچچە بىر تۇغقان-نىڭ ئىتتىپاقىدۇر، ئۇلارنىڭ ئوتلاقلىرى بىلەن ئولتۇرىدىغان جايى بىر بولىدۇ، چارۋىچىلىقنى بىر-لىكتە قىلىدۇ، بىرلىكتە كۆچىدۇ، كۆچكەندە قونالغۇسى بىر بولىدۇ. كىگىز ئۆي — كۆكلەمدە ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈپ يۈرۈش شارائىتىغا قولايلىق بولغان قۇراش-تۇرۇلغان ئۆي. ئۆينىڭ يان تېمى بىر — بىرىگە گىرەلەشتۈرۈلگەن تاياقچىلاردىن تۇرغۇزۇلىدۇ، ئۇ «كەرگە» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە كەرگە ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، كەڭ كۆزلۈك كەرگە، ئۇ «يەل كۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ يەڭگىل بولۇپ ئۇلاقلارغا ئارتىشقا ئەپلىك، لېكىن شامالغا چىدام-سىز كېلىدۇ. ئىككىنچىسى، تار كۆزلۈك كەرگە بولۇپ، «تور كۆز» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئۇلاقلارغا ئار-تىشقا ئېغىرراق بولغان بىلەن شامالغا چىداملىق كېلىدۇ. كەرگىنى يىغقىلى بولىدۇ. ئۇ بۆلەك-بۆ-لەك قاناتتىن قۇرۇلىدۇ. كەرگىنىڭ يوقىرىقى قۇرسىقى ئىنچىكە، سىدام ياغاچلاردىن ياسالغان ئۇۋۇق①لار بىلەن تۇتاشتۇرۇلۇپ گۈمبەز شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ئۇۋۇقلارنىڭ ئايىغى كەرگىنىڭ ئاچا بې-شىغا ئۇلاپ باغلىنىپ، ئۇنىڭ ئۇچى چاڭغىراق (تۈڭلۈك كېشىكى) نىڭ تۆشۈكىگە كىرگۈزۈلىدۇ. چاڭ-غىراق — كىگىز ئۆينىڭ گۈمبەزسىمان ئۆگزىسى ھەم دېرىزىسىدۇر. كەرگىنىڭ سىرتىدىن رەڭمۇ - رەڭ يۇڭ يىپلار يۆگىلىپ ھەر خىل نۇسخىلار چۈشۈرۈلۈپ چىغدا توقۇلغان بورا تۇتۇ-لىدۇ. كەرگە، ئۇۋۇقلار رەڭمۇ - رەڭ




① ئۇۋۇق — چەيزىدىن ئىنچىكە تاياقچە

بويالغان يۇڭدىن نۇسخا چۈشۈرۈلۈپ توقۇلغان ياپىلاق بەلباغ ۋە يوڭ ئارغامچىلار بىلەن بېكىتىلىدۇ. ئۆي ياغىچىنىڭ سىرتىدىن مەخسۇس كىگىزلەر: تۇۋرلىق ①، ئۈزۈك ②، تۈڭلۈك ③ يېپىلىدۇ. تۇۋرلىق، ئۈزۈك، تۈڭلۈكلەر قولدا توقۇلغان بەلباغلار ۋە ئارغامچىلار بىلەن تارتىلىدۇ. ئادەتتىكى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى تۆت قانات، بايلارنىڭ ئۆيلىرى ئالتە قانات بولىدۇ. سەككىز قانات، ئون ئىككى قانات ئوردىلار قەدىمكى زاماندا چوڭ فېئودال خان، سۇلتانلاردىلا بولغان، ئۇ «ئاق ئوردا» دەپ ئاتالغان.

كىگىز ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئېگىزلىكى بىر يېرىم مېتىر، كەڭلىكى سەكسەن سانتىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئۇنىڭغا نەقىشلەنگەن قوش قاناتلىق ياغاچ ئىشىك ئورنىتىلىدۇ. ئىشىكنىڭ سىرتىغا ئوراقلىق چىغ بىلەن توقۇلۇپ، گۈللۈك كىگىز بىلەن قاپلانغان مىلەگزە يېپىلىدۇ. ئۆينىڭ ئوتتۇرسىغا ئوچاق ياكى تۆمۈرمەش ئورنىتىلىدۇ. ئۆينىڭ ئوڭ تەرىپىگە كارىۋات قويۇلۇپ، كارىۋات تەرەپتىكى تامغا تۇس كىگىز (گۈللۈك كىگىز) تارتىلىدۇ. كارىۋاتنى توساپ چىمىلدىق قۇرۇلىدۇ. ئۆينىڭ تۆرىگە لىمتاق جازىسى قويۇلۇپ، ياغاچ ساندۇق، يوتقان - كۆرپە، ياستۇق ۋە باشقا چۈشەكلەر يىغىلىدۇ. سول تەرىپىگە ئىشكاپ، قازان، قاچا - قۇچىلار قويۇلۇپ، ئۇلار چىغدىن توقۇلغان گۈللۈك بورىسىمان چىتتا بىلەن قورشىلىدۇ. هال - ئەھۋالى ياخشى ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرى ھەشەمەتلىك كېلىدۇ. ئۆي ئىچىگە تۈرلۈك رەختلەردىن نەقىشلەنگەن كەشتىلەر تۇتۇلۇپ، كەرگىگە گىلەملەر ۋە گۈللۈك كىگىزلەر ئېسىلىدۇ. يەرگە شىرداق، تەكلىمات ۋە گىلەم - زىلچىلار سېلىنىدۇ. بۇرۇنقى مەزگىلدە چوڭ باي ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنىڭ كەرگىلىرى سىرلىنىپ، سۆڭەك ئويمىلار بىلەن پەدەزلىنەتتى ياكى كۈمۈش قويمىلار بىلەن زىننەتلىنەتتى. كېلىنگە ئاتاپ تەييارلانغان ھوجرا «ئوتاۋ» دەپ ئاتىلىدۇ. ئوتاۋنىڭ بارلىق جاھازلىرى يېڭىدىن ياسىلىدۇ. ئوتاۋنىڭ ئىچى - سىرتى پۈتۈنلەي نەقىشلەر ۋە كەشتىلەر بىلەن بېزىلىپ، توي كۈنلىرى مۇشۇ ئوتاۋ ئىچىگە ياتلىق قىلىنىدىغان قىزغا بېغىشلانغان بارلىق كىيىم - كېچەك، ئۆي جاھازلىرى ئومۇمىيۈزلۈك قويۇلىدۇ. بۇ، خۇددى قازاق خەلقىنىڭ كەشتىچىلىك كۆرگەزمىسىگە ئوخشايدۇ.

كونا جەمئىيەتتە كەمبەغەللەرنىڭ كىگىز ئۆيلىرى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. ئۇ «قارا ئۆي» دەپ ئاتىلاتتى. ئىقتىسادىي تولىمۇ ناچار كەمبەغەللەر ۋە مالايلاردا پەقەتلا بىر نەچچە ئۇۋۇق بىلەن چاڭگىراقتىن قۇراشتۇرۇلغان كىگىز ئۆيلەرلا بار ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بۇ شارائىت تۈپتىن ياخشىلىنىپ، قازاق ئەمگەكچىلىرى ئومۇمىيۈزلۈك ھەشەمەتلىك ئاق ئۆيلەردە ئولتۇرىدىغان بولدى. تالاي ئەسىرلىك كۆچمەن تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ مەھسۇلى بولغان قازاقلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى يازنىڭ ئاپتىپى ۋە تۈننىڭ نەم ھاۋاسىدىن ھەم ھۆل - يېغىن، قار - يامغۇر ۋە بوران - چاپقۇندىن ساقلىنىشقا ئەپلىك، ھاۋالىق ھەم يورۇق بولۇشىنىڭ سىرتىدا كۆچۈشكە قولايلىقتۇر. ئۇنى 30 مىنۇتتا يىغىشتۇرۇپ ئۇلاغقا ئارتىشقىمۇ، ئۇلاغدىن چۈشۈرۈپ قۇراشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ.

قازاق چارۋىچىلىرىنىڭ قىشتىن ئەتىياز (نويابىردىن مارتقىچە)غىچە، يېرىم يىلغا يېقىن

---

① تۇۋرلىق — كىگىز ئۆينىڭ يەردىن كەرگىگىچە يېپىلىدىغان كىگىز.

② ئۈزۈك — كىگىز ئۆينىڭ كەرگىسىدىن ئۈستى — گۈمبەزسىمان ئۈگزىسىگىچە يېپىلىدىغان كىگىز.

③ تۈڭلۈك — كىگىز ئۆينىڭ چاڭگىرىقىغا يېپىلىدىغان كىگىز.

بىر قەدەر مۇقىم ئولتۇرىدىغان تۇرالغۇسى «قىشلاق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە قىشلاق بىر قەدەر ئىسسىق جايلارغا، دەريا بويلىرىغا، ئوت - چۆپى مول، سۈيى ئەلۋەك، ئوتۇنى كۆپ، مۇنبەت يەرلەرگە جايلىشىدۇ. قىشلاقلاردىكى ئۆيلەرنىڭ شارائىتى شۇ جاينىڭ جۇغراپىيىلىك، ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا ۋە ھاۋارايىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئۆيلەر قېلىن ئورمانلىق جايلاردا ياغاچتىن ياسىلىدۇ. ئورمان ئاز، ياغاچ كەمچىل جايلاردا بولسا كېسەك، تاش ۋە سوقما تاملاردىن سېلىنىدۇ. بۇ ئۆيلەر تۆت بۇرجەكلىك، تەكشى ئۆگزىلىك بولىدۇ. ئۆي ئىچىگە تۆمۈر مەش ئورنىتىلىدۇ ياكى لايدىن ئوچاق سېلىنىدۇ. بۇ ئۆيلەر بىلەن بىرلىكتە قەدىمدىن كېلىۋاتقان «شوشالا» ياكى «توشالا» دەپ ئاتىلىدىغان گۈمبەزسىمان توپا ئۆيلەرمۇ بولىدۇ. «شوشالا»-نىڭ قۇرۇلۇشى كىگىز ئۆيلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۆينىڭ تېگى دۈگىلەك بولىدۇ. ئۇنىڭ تېمى تاشتىن ياكى كېسەكتىن ئىككى يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە قوپۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇۋۇقلار تىزىلىپ، گۈمبەزسىمان قۇراشتۇرۇلىدۇ. ئۇۋۇقلارنىڭ ئاستى تاشتىن ياكى كېسەكتىن قوپۇرۇلغان كەرگىگە تىرەپ قويۇلىدۇ. ئۈچى چاڭغىراققا تېگىلىدۇ - دە، سىرتىغا توقۇلغان قومۇش ياكى چىۋىق يېپىلىپ، لاي بىلەن سۇۋىلىدۇ. «شوشالا» نىڭ ئوتتۇرىسىغا ئوچاق سېلىنىپ ئوت يېقىلىدۇ. ئىس چاڭغىراقتىن چىقىدۇ. قىشتا مۇشۇ «شوشالا» دا تاماق پىشۇرۇلىدۇ ۋە سوقۇمنىڭ گۆشى ئىلمەككە ئېسىلىپ سۈرلىنىدۇ.

قىشلاقتىكى مۇقىم ئۆيلەرنىڭ يېنىدا تاشتىن قوپۇرۇلغان، سوقما تاملاردىن سېلىنغان ياكى چىۋىقتىن توقۇلغان مال قوتانلىرى، ئۇنىڭ يېنىدا قىشلىق ئوت - چۆپلەر دۆۋىسى تۇرىدۇ. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا مىنىدىغان ئۇلاغلارنى باغلايدىغان تۈۋرۈك، ياغاچلار ئورنىتىلىدۇ.

## كىيىم - كېچەكلىرى

قازاقلارنىڭ قىشلىق كىيىملىرى تۈرلۈك تېرىدىن، يازلىق كىيىملىرى رەختتىن تىكىلىدۇ. چۈنكى قازاقلار قىشلىق كىيىمنىڭ ئىسسىق، يازلىق كىيىمنىڭ چىرايلىق بولۇشىنى شەرت قىلىدۇ. ئەرلەر يازدا: ئاق رەختتىن كەڭ كۆڭلەك، ئىشتان، ئۈستىگە پەشمەت، كەمزۇل ۋە تۈرلۈك پوسۇندىكى چاپانلارنى كىيىدۇ. ئەرلەرنىڭ قىشلىق كىيىمى: قوي تېرىسىدىن تىكىلىپ ئىچىگە تۆگە يۇڭى ئېلىنىپ قېلىن پاختا رەخت بىلەن تاشلاپ، كەڭ قىلىپ تىكىلگەن قىسقا چاپان؛ قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن، تاشلانغان جۇۋا؛ ئەلتىرە ياكى سەنسەڭدىن ۋە بۆرە، تۈلكە، تاغ ئۆچكىسىگە ئوخشاش ياۋايى ھايۋاناتلارنىڭ تېرىسىدىن تىكىلىپ رەخت بىلەن تاشلانغان قايرىما ياقىلىق جۇۋا؛ يۇڭىنى سىرتقا قارىتىپ، تاي تېرىسىدىن تىكىلگەن چىرايلىق تاقىر كالتە چاپان بىلەن جۇۋا سىرتىدىن كىيىدىغان كەڭ سىدام چەكمەن چاپانلاردىن ئىبارەت.

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان قازاقلارنىڭ ئۆمرى ئاساسەن ئات ئۈستىدە ئۆتىدىغان بولغاچقا، قىشتا ئاشلانغان قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن تېرە شالۋۇر؛ ئۆچكە ياكى كىيىك تېرىسىدىن ئاشلىنىپ بوياپ تىكىلگەن تاقىر ياغاق شالۋۇر، يازدا ماتادىن، چەكمەندىن تىكىلگەن شالۋۇر كىيىدۇ. ئۇلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى ئىككى قۇلىقى ۋە ئارقىسىدا ياپقۇچى بار ئۇزۇن تۇماقلاردىن ئىبارەت. بۇ خىل تۇماق كۆپىنچە قارا ئەلتىرىدىن، تۈلكە تېرىسىدىن يەنى تۈلكىنىڭ قولتۇق، پۇت تېرىسىدىن تىكىلىپ سىرتى چىت ياكى يىپەك رەخت بىلەن تاشلىنىدۇ. قازاقلار ئەلتىرە ياكى قۇندۇز، بۇلغۇن، سۆسەر تېرىسىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن تۆپىلىك تۇماقمۇ كىيىدۇ. بوران مەزگىلىدە

تۇماق سىرتىدىن باستۇرۇپ، كەڭ تىكىلگەن «كۇلپارا» كىيىدۇ. ياز كۈنلىرى يوقىقا ئاق كىگىزدىن قايرىمىسى قارا مەخمەل ياكى چىبەرقۇت بىلەن قاپلانغان ئۈچلۈق ئاق قالپاق كىيىدۇ. قازاقلار ئارىسىدا كەڭ قاسقانلىق قالپاقلارمۇ بار. بۇ قالپاق تۈرلۈك رەختلەردىن سىرىپ تىكىلىپ قايرىمىسى مەخمەل ياكى دۇخاۋا بىلەن تىكىلىدۇ. بۇ، يازغا لايىق، ئەپچىل، چىرايلىق باش كىيىملەردۇر. ئەرلەرنىڭ ئاياغ كىيىملىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ھەر خىل بولۇپ، ئۇلار: ئۆكچىسى ئېگىز، قونچىسى تىزىغا كېلىدىغان چوڭ ئۆتۈك – بۇلغارى ساپىما (بۇ ئۆتۈك كىگىز پايپاق بىلەن كىيىلىدۇ)؛ ئۇۋغا چىققاندا كىيى-دىغان ئۈچلۈق تۇمشۇق يۇمشاق ئۆتۈك؛ ياز كۈنلىرى كىيىدىغان يەڭگىل ئۆتۈك؛ يۇمشاق تېرىدىن تىكىلگەن مەسە، تېرىنىڭ ئارقا قىسمىدىن تىكىلگەن كەش؛ تېرە چورۇق (تېرە چورۇقنى بۇرۇنقى مەزگىلدە كەمبەغەللەر كىيەتتى) لاردىن ئىبارەت.

قازاق ئاياللىرىنىڭ كىيىملىرى كۆپىنچە گۈللۈك رەخت، يىپەك رەخت ۋە مەخمەلدىن تىكىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنىڭ تۈرلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. قىز بىلەن كېلىنچەكلەرنىڭ كۆڭلەكلىرى قويۇق پۈرلۈگەن، ياقىسى ۋە يەڭلىرىگە كەشتە تىكىلگەن، كۆپ پۈرمىلىك، قوش ئېتەكلىك، تۈرلۈك پاسونلاردا بولىدۇ. بويىغا يەتكەن قىزلار كەشتىلەنگەن ئىنچىكە بەللىك پەشمەت چاپان، بېشىغا ئۇكە قادالغان قۇندۇز كەمچەت تۇماق ياكى كەشتىلەنگەن سوقىچاق دوپپا كىيىدۇ...... قىزلار ياتلىق قىلىنغاندا خىلمۇ خىل كەشتە چېكىلگەن، ئالتۇن، كۈمۈش ۋە مونچاقلار بىلەن بېزەلگەن ئۈچلۈق «ساۋكەلە» كىيىدۇ. يېڭى تويى بولغان كېلىنچەك دەسلەپكى يىلى تويىدا كىيگەن ساۋكەلەسىنى كىيىپ يۈرىدۇ. يىل ئۆتكەندىن كېيىن ساۋكەلەسىنى ئېلىپ تاشلاپ رومال ئارتىدۇ. بىر بالىلىق بولغاندىن كېيىن رومالنى ئېلىۋېتىپ لىچەك ئارتىدۇ. 30 – 40 ياشتىن ئۆتكەن ئاياللار ياقىسى كەشتىلەنگەن ھەشەمەتلىك لىچەك ئارتىدۇ. بىرنەچچە بالىغا ئانا بولغان ئوتتۇرا ياشلىق ئاياللار ئانچە ھەشەمەتلىك بولمىغان شالاڭ كەشتىلەنگەن لىچەك ئارتىدۇ. ياكى ئاق ياغلىق چىگىدۇ.

قازاق ئاياللىرىنىڭ ئادەتتە ئايلانغان ئاياغ كىيىمى كەش، مەسە. ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ ئاياللىرى ھېيت – ئايەم كۈنلىرى نەقىشلەنگەن كەشتىلىك ئۆتۈك، تېرىنىڭ ئارقا قىسمىدىن تىكىلىپ، نەقىشلىك كۈمۈش قويما قاقتۇرۇلغان كەش كىيىدۇ. قىممەتلىك تاشلار ئورنىتىلغان ئالتۇن، كۈمۈش ئۈزۈك، زۇننار، بىلەيزۈك، چاچ باغ، ھالقا يەنە كەمەر – بەلباغلىرى ئىنتايىن چىرايلىق كېلىدۇ. قازاق ئەرلىرى كىيىم سىرتىدىن بەلباغ باغلاپ، بەلباغقا غىلاپلىق پىچاق، چاقماق ئاسىدۇ.

يۇقىرىدىكى كىيىم – كېچەكلەر كۆپرەك بۇرۇنقى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمى كىيىملەردۇر. ھازىرقى قازاق ئاۋۇللىرىدا، مۇنداق كىيىملەر كونا مىراسلارنىڭ تەۋەررۇكى سۈپىتىدە كەم ئۇچرايدۇ. ھازىر قازاقلارنىڭ كىيىم – كېچەك پوسۇنلىرى يېڭىلىنىپ، بارچە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ھازىرقى زامان كىيىم – كېچەكلىرى قازاق خەلقىغە سىڭىپ بارماقتا.

## يېمەك – ئىچمىكى

قازاقلارنىڭ ئاساسىي تائاملىرى – سۈت بىلەن گۆش. قازاقلار گۆشنى سۇغا سېلىپ پىشۇرۇپ ياكى ئوتقا قاقلاپ يەيدۇ. سۈتنى پىشۇرۇپ ياكى قېتىق ئۇيۇتۇپ ئىچىدۇ. سۈتتىن تۈرلۈك تائاملارنى تەييارلايدۇ. كالا بىلەن قوينىڭ سۈتىدىن خام قايماق، قايماق، قېتىق، سۈزمە، قۇرۇت، ئاق ئىرىمچىك، قىزىل ئىرىمچىك، سېرىق ماي ۋە باشقا تائاملارنى تەييارلايدۇ. بىيە (بايتال)

سۈتىدىن قىمىز ئېچىتىدۇ. تۆگە سۈتىدىنمۇ قىمىز ئېچىتىدۇ. قىمىز قازاقلارنىڭ ئىچىملىكى. كۆكلەمدە، مال تۆللىگەن ۋاقىتتا قىزا ۋە سۈرلەنگەن گۆشلەرنى ئوغۇز سۈتى ۋە قىمىز قوشۇپ ئىستېمال قىلىدۇ. ئاقلاپ قورۇلغان تېرىق يارمىسى بىلەن ئىرىمچىك، سېرىق ماي ۋە شېكەر ئارىلاشتۇرۇپ «جېنت» تەييارلايدۇ. جېنت — قازاقلارنىڭ قەدىرلىك مېھمانلىرىغا تارتىدىغان ھۆرمەت تاماقلىرىنىڭ بىرىدۇر.

قازاقلار قىش مەزگىلىدە — نويابىر ۋە دېكابىر ئايلىرىدا ئومۇميۈزلۈك سوقۇم سويىدۇ. سوقۇمغا سېمىزماللار سويۇلىدۇ. سوقۇم سويۇش مال ئورۇقلاپ، سويۇشقا يارىمايدىغان مەزگىلدە ئوزۇقتىن قىسىلىپ قالماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىدىغان تەييارلىقتۇر. سوقۇم گۆشى تۇزلىنىپ، ئىسلىنىپ، سۈرلىنىدۇ. سوقۇم گۆشى كېلەر يىلى كۆكلەمدە سۈت كۆپىيىپ، مال سەمىرىپ، سويغىدەك بولغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت مۆلچەرلىنىپ تەييارلىنىدۇ. سوقۇمنىڭ پۈتۈن گۆشلىرى سۆڭىكى بىلەن سۈرلىنىدۇ — دە، باشقا پارچە گۆشلەردىن چۇجۇق، قىيماي، ئۈلپەرشەك (بۇلارنىڭ ھەممىسى كالباسىغا ئوخشايدۇ)، ئات گۆشىدىن قېزا تەييارلىنىدۇ.

قازاقلارنىڭ ئۇندىن تەييارلىنىدىغان تاماقلىرى: نان، بوغۇرساق، پوشكال، كەسمە، بەشبارماق (نارىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ). گۈرۈچتىن قىلىنىدىغان تاماقلىرى: سۈت بوتقا، شوۋا گۈرۈچ، پولۇ (تاغدىكى قازاقلار سەۋزە توغرالمىغان ئاق پولۇ ئېتىدۇ). ئاقلىمىغان تېرىقتىن: ماي تېرىق، تېرىق كۆجىسى، جېنت تەييارلىنىدۇ. ئاقلاپ يارما قىلىنغان بۇغدايدىن بۇغداي كۆجىسى قىلىدۇ. بۇنى يوغان ياغاچ سىرغىغا سېلىپ ئېچىتىپ، ئۇسسۇزلۇق ئورنىدا ئىچىدۇ. بۇغداينى قورۇپ تالقان قىلىدۇ. ئارپىدىنمۇ كۆجە تەييارلايدۇ. قازاقلار ئات گۆشىنى چوڭ كۆرىدۇ. ئەزىز مېھمانلىرىغا ئاتنىڭ قېزىسىنى تارتىدۇ. قىش كۈنلىرى ئەزگەن قۇرۇت ئىچىش ئادەتلەنگەن تاماقلىرىنىڭ بىرىدۇر. قازاقلار قودا، ئەل — ئاغىنىلىرىگە، قەدىرلىك ئادەملىرىگە سېمىز قوي سويۇپ، پۈتۈن بېشى ئۈكىلەپ ئاپىرىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان. بەكمۇ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىغا ئۈكىلەنگەن قوينىڭ گۆشىنى تارتىدۇ.

## قازاق خەلقىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرى

قازاق خەلقىدە چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش، بالىلارغا مېھرىبان بولۇش، ياشلارغا غەمخورلۇق قىلىش، ئاتا — ئانىغا كۆيۈنۈش ۋە ئاياللارنى ئاسراش ئەنئەنىگە ئايلانغان. «دۈشمەنگە قاتتىق بولۇش، دوستىغا سادىق بولۇش» قازاق خەلقىنىڭ ئاساسىي مىجەز - خۇلقى. قازاق خەلقىدە ئۇزۇندىن كېلىۋاتقان ئورنۇقلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر بولۇپ، بۇلار گەرچە يېزىپ قالدۇرۇلمىغان بولسىمۇ، گويا بىر قانۇنغا ئوخشاش خەلق ئىچىدە ئومۇملاشقان.

### مېھماندوستلۇق

قازاق خەلقى ئەزەلدىن تارتىپ ئىنتايىن مېھماندوست خەلق. ئۇلار ئۆيىگە كەلگەن ھەرقانداق ئادەمنى (ئۇنىڭ قايسى مىللەت بولۇشىغا قارىماي) تونۇسىمۇ، تونۇمىسىمۇ ئوچۇق چىراي بىلەن قارشى ئېلىپ، قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرۈپ يەيدىغان غىزاسىنى مېھمانغا بېرىدۇ. «مېھمان ئېشى — قازاقنىڭ بۆلۈنمىگەن ئۈلۈشى» ھېسابلىنىدۇ. قازاقلار پەقەت مېھماننىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئات — ئۇلاغلىرىغىمۇ قاراپ قويىدۇ. مېھمان كېتىدىغان چاغدا قولىغا ساق — سالامەت تاپشۇرىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مېھماندىن ھېچقانداق نەرسە تاما قىلمايدۇ. بىر نەرسە تاما قىلغۇچىلار ئەل ئىچىدە ئۇياتقا قالىدۇ. «ئەگەر قونالغۇنىڭ ھەممىسىدە قازاق بولسا، بىر سىقىم ئوزۇق، بىر تىيىن خىراجەت سەرپ قىلماي،

بىر يىللىق يولغا سەپەر قىلىشقا بولۇر ئىدى» دېگەن تەمسىل مۇشۇنىڭدىن چىققان. «مېھمانغا قوي سويۇپ قول قوشتۇرۇپ تەزىم قىلىش» قازاقلار ئۈچۈن چوڭ شۆھرەت ۋە ئۆتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. بەكمۇ ھۆرمەتلىك مېھمانلارغا تاي سويۇپ مېھمان قىلىپ يولغا سالى- دۇ. ئۆينىڭ ئىگىسى سويۇلىدىغان مالنى ئۆينىڭ بوسۇغىسىغا ئېلىپ كېلىپ پاتىھە بېرىشنى سو- رايدۇ. مېھمانلار پاتىھە بەرگەندىن كېيىن مال سويۇلۇپ گۆش پىشۇرۇلىدۇ. گۆش پىشقىچە مېھ- مانلارغا مول داستىخان سېلىپ، داستىخانغا قورۇت، ئىرىمچىك، بوغۇرساق، جىنىت، سېرىق ماي، قايماقلىق ئەتكەن چاي قويۇلىدۇ. چايدىن كېيىن ياز كۈنلىرى بولسا قىمىز، قىش كۈنلىرى بولسا ئەزگەن قۇرۇت بېرىلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئادەتتە ئۆي ئىگىلىرى تەرىپىدىن دومبىرا چېلىنىپ، ناخ- شا ئوقۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانلارغا نۆۋەت كېلىدۇ. مېھمانلارنىڭ ناخشا ئېيتىشىغا، قىسسە ۋە ھېكايە سۆزلەپ بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئەگەر ئېيتالمىسا تۈرلۈك جاقچاقلار بولىدۇ. ئۇنىڭ- دىن كېيىن قولغا سۇ بېرىلىپ، داستىخان سېلىنىپ گۆش تارتىلىدۇ. مېھماننىڭ ئالدىغا سويۇل- غان مالنىڭ بېشى، يانپېشى تاۋاققا سېلىنىپ تارتىلىدۇ. مېھمان باشنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر كېسىم يەپ، ئوڭ قۇلىقىنى كېسىپ تاۋاققا سېلىپ، باشنى ئۆي ئىگىسىگە ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە بىلدۈرگەن رازىلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن گۆشنى كېسىپ يەيدۇ. تاۋاقتىكى گۆشنى تۈگىتىپ يېمىسە، ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. مالنىڭ ئون ئىككى يىلىكىنىڭ ۋە باشقا گۆشلىرىنىڭ مېھمانلارغا قانداق تارتىلىشىنىڭ مەلۇم قائىدە - يوسۇنلىرى بولىدۇ. ياشقا چوڭ ئەزىز مېھمانلارغا باش بىلەن يانپاش، كۈيئوغۇل بىلەن كېلىنگە ئۇشۇقلۇق يىلىك بىلەن تۆش تارتىلىدۇ. بالىلارغا تىل، قۇلاق، بۆرەك، يۈرەك بېرىلىدۇ.

## ھاردۇق ئېشى

كۆچمەن قازاق خەلقى كۆچۈپ - قونۇشنى ئىنتايىن چوڭ ئىش بىلىدۇ. كۆچۈش قازاقلار ئۈچۈن تەنتەنە ھېسابلىنىدۇ. كۆچكەن كۈنى ئادەتتە كىيمەيدىغان ياخشى كىيىملىرىنى كىيىدۇ. يۈك - تاق ئارتىلغان تۆگىگە گىلەم ۋە شىرداقلارنى يېپىپ زىننەتلەيدۇ. ئادەتتە ئولتۇرغان ئاۋۇل يېڭىدىن كۆچۈپ كېلىپ قونغان ئاۋۇلنى ئومۇميۈز- لۈك قارشى ئېلىپ «قونالغۇ قۇتلۇق بولسۇن» دەپ ھال سوراپ، ئۇلارنىڭ يۈك - تاقلىرىنى چۈشۈ- رۈشۈپ،كىگىز ئۆيلىرىنى تىكىپ بېرىشىدۇ. ھاردۇق ئېشى سۈپىتىدە يوللۇق داستىخان كۆتۈرۈپ چاي ۋە قىمىز ئاپىرىدۇ، بەزىدە قوي سويۇپ ئاپىرىدىغان ئىشلارمۇ بولىدۇ. بۇ - كۆچۈپ، ھېرىپ- چارچاپ كەلگەن قېرىنداشلىرىغا قىلىنغان غەمخورلۇق، ئىززەت - ھۆرمەت ھېسابلىنىدۇ.

كۆچۈپ كېلىۋاتقان تېپ يول ئۈستىدىكى ئاۋۇلدىن ئۆتكەندە، بۇ ئاۋۇلنىڭ ئاياللىرى ئالدىن قىمىز، قېتىققا ئوخشاش ئۇسسۇزلۇق ئېلىپ چىقىپ كۆچۈپ كېلىۋاتقان تۈپتىكى ئاياللار بىلەن كىچىك بالىلارغا ئۇسسۇزلۇق بېرىپ يولغا سالىدۇ.

## ئىئانە ۋە ياردەم

قازاقلار ئارىسىدىكى بىر بىرىگە ئۆزئارا ئىئانە ۋە ياردەم قىلىشىش قەدىمكى قەبىلە - قەۋملەردىن بۇيان ئىزچىل داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئېسىل ئادەتتۇر. تەبىئىي ئاپەت، جۇدۇن، ئوت ئاپىتى، كەلكۈن ئاپىتى ۋە باشقا بالايى - ئاپەتكە ئۇچراپ مال - مۈلكىدىن، باش پاناھى- دىن ئايرىلىپ، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامالسىز قالغان كىشى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىداشلى- رىدىن ياردەم سورايدۇ. بۇنىڭغا ئەل - ئاغىنىلىرى، تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىداشلىرى ئىئانە توپلاپ ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ھېچقانداق ئادەم باش تارتمايدۇ. ئەگەر باش تارتىدىغان بولسا، ئۆز بېشىغا كۈن چۈشۈپ ياردەم تەلەپ قىلىش توغرا كەلگەندە، ئۇنداقلار بۇخىل ياردەمدىن مەھرۇم قالىدۇ.

پەۋقۇلئاددە چوڭ زىيان تارتىپ، قەرزىنى تۆلەشكە كۈچى يەتمەيدىغان قەبىلە ئەزاسى ئۆزىنىڭ تۇغقانلىرى ۋە قەبىلىداشلىرىدىن مۇشۇ قەرزىنى تۆلەشكە ياردەم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئادەت «جامائەت ياردىمى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەت بويىچە بۇ ئادەمنىڭ تۆلىيەلمىگەن قەرزىنى ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ۋە قەبىلەداشلىرى قەرزىنىڭ مىقدارىغا قاراپ جامائەتكە چېچىپ تۆلەيدۇ. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆتۈمىگەن ئادەم جامائەتتىن ياردەم ئېلىش ھوقۇقىدىن ئۆزلۈكىدىن مەھرۇم بولىدۇ. جامائەت بەركىتىمنى بۇزغان ئادەم قاتارىدا قارىلىپ، قەبىلە ئىچىدە يامان ئاتاقا قالىدۇ.

بۇ خىل ئىئانە ۋە ياردەمدىن ئۆز ۋاقتىدا ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارمۇ پايدىلانغان. لېكىن خەلق ئاممىسى ئىچىدە مۇنداق ئۆزئارا ياردەمنىڭ ئادەت شەكلىدە ساقلىنىشى قازاقلار ئىچىدە تىلەمچىلەر بولماسلىقنىڭ ئاساسىي سەۋەبىدۇر.

## «لاپقۇت» ياكى «ياردەم»

قازاق ئادەتلىرىنىڭ يەنە بىر تۈرى «لاپقۇت» ۋە «ياردەم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئادەت بويىچە كۆپچىلىك بىرلىشىپ جىددىي كۈچ سەرپ قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىش مەزگىلىدە مەسىلەن: قوي قىرقىش، چۆپ چېپىش، يۇڭ ساۋاش، كىگىز بېسىش، ئۆي سېلىش، ئۇما ئورۇش، قوتان سېلىش ئوخشاش ئىشلاردا ئاۋۇلداشلىرى ۋە قەبىلەداشلىرىنى ياردەمگە چاقىرىدۇ. ئۇلار ياردەملىشىپ، بۇ ئىشلارنى پۈتتۈرىدۇ. ئۆي ئىگىسى ئىشقا قاتناشقان ئادەملەرنى تاماق ئېتىپ مېھمان قىلىدۇ. ئادەتتە ياردەمگە مال سويۇلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئىشلىگەن ئىشقا ھەق ئالمايدۇ. بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتتىن كونا جەمئىيەتتە فېئودال سىنىپلارمۇ پايدىلىنىپ، ئەمگەكچىلەرنى ھەقسىز ئىشلىتەتتى. لېكىن ئەمگەكچىلەر ئارىسىدا «لاپقۇت» بىلەن «ياردەم» نىڭ مەنىسى باشقىچە بولۇپ ئۇلار «لاپقۇت» قا «لاپقۇت» تەرىقىسىدە ئۆزئارا ياردەملىشىپ كەلگەن. بۇ خىل ئۆزئارا ياردەملىشىش ئادىتى قازاقلار ئىچىدە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

## نىكاھ، ئائىلە، ۋارىسلىق قىلىش

قازاق خەلقى ئىچىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئاساسىي نىكاھ شەكلى يەككە نىكاھ ھېسابلىنىدۇ. قازاقلاردا ئەزەلدىن كېلىۋاتقان نىكاھ ئادىتىدە بىر قەبىلە قېرىنداش ھېسابلىنىدۇ - دە، ئۆزئارا قىز ئېلىشمايدۇ. قۇدىلاشماقچى بولسا، ئاز دېگەندە يەتتە ئەۋلاد (ئاتا) ئۆتكەن بولۇش، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە «ئۆستەڭ» بولۇشى شەرت قىلىنىدۇ. «يەتتە ئاتىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ قىز ئېلىشماسلىق» تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىپ قېلىشقا قويۇلغان چەكتۇر. «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە ئۆستەڭ بولۇش شەرت» دېگەن سۆز: قازاق ئاياللىرى ئارىسىدا ئەمچەكتىكى بالىسىنى ئۆيىگە قويۇپ، ئاۋۇل ئارىلاپ كەتكەن ۋاقتىدا كۆكسى چىڭقىلىپ كەتسە بىرسىنىڭ بالىسىنى بىرسى ئېمىتىپ بېرىدىغان ئادەت بار. قازاقلارنىڭ ئادىتىدە تۇغقان بولمىسىمۇ، بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن ئېمىلداش بالىلار تۇغقان ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يەتتە ئۆستەڭ بولسا، بالىسىنى ئۆيىگە تاشلاپ قويۇپ يەتتە ئۆستەڭدىن ئۆتۈپ، ئەل ئارىلاش مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئېمىلداش ئەمەس دېگەننى ئىپادىلەيدۇ. بۇ شەرتلەرگە توشقان ئەھۋال ئاستىدا، يەتتە ئاتىدىن نېرىقى تۇغقانلار ئۆزئارا قىز ئېلىپ قۇدا چۈشۈش ئۈچۈن «قۇدا بولۇش» مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك.

تۇنجى قېتىم نىكاھلىنىدىغان قىز بىلەن يىگىتنىڭ تۇغقانلىرى پۈتۈن قەبىلىنىڭ چوڭ - چوڭ ئادەملىرىنى چاقىرىپ، مال سويۇپ، سوۋغاتلىرىنى بېرىپ، رازىلىق ئېلىشى كېرەك. يەنى قەبىلە قارارىنى چىقىرىشى كېرەك.

كونا جەمئىيەتتە قىزنى «قالىڭ مال»① ھېسابىغا قۇدىلىشاتتى. قالىڭ مالنىڭ

① قالىڭ مال — قىزنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن بېرىلىدىغان چارۋا مال.

مەقدارى كۆيئوغۇل بىلەن قىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ ئورۇن -مەرتىۋىسىگە، هال - ئوقىتىگە قاراپ هەر خىل بەلگىلىنەتتى. ئاددىتىكى يوقىرى قالىڭ مال 77 تۇياق بايتال، ئوتتۇرا هال قالىڭ مال 47 تۇياق بايتال، تۆۋەن قالىڭ مال 17 تۇياق بايتال ئىدى. 1940 -يىللاردا شىنجاڭدىكى ئادەتتىكى قازاقلار ئىچىدە بەلگىلەنگەن قالىڭ مال 20 باش چوڭ مال، 15 باش چوڭ مال، ئون باش چوڭ مال، بەش باش چوڭ مال بولدى. ئاقسۆڭەك خان - سۇلتانلار ۋە چوڭ فېئودال بايلار ئىچىدە يوقىرى قالىڭ مال يۈز تايلاق (500 بايتال هېسابىدا) ياكى 200 بايتال ياكى مىڭ قوي قىممىتىدە بولغانىدى. بۇ كەم ئۇچرايدىغان ئايرىم ئەهۋاللاردۇر.

قالىڭ مالنىڭ سىرتىدا، كۆيئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا «تويلۇق»، «سۈت هەققى»، «ئاش سۈيى» بېرىدۇ. تۇغقانلىرىغا «كىيىملىك رەخت» قويىدۇ. تويلۇق مالنىڭ مەقدارىغا قاراپ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزنىڭ توي تەييارلىقىنى هازىرلايدۇ. قىزغا يېڭى هۇجرا تەييارلاپ، تۆگىگە ئارتىپ، قىزنى ئاتقا مىندۈرۈپ ساۋكەلە دوپپىسىنى كىيگۈزىدۇ. كۆيئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسىغا كىيىملىك قويىدۇ. تويلۇق مالنىڭ مەقدارىغا قاراپ، قىزنىڭ كىيىم - كېچەك، توي جابدۇقلىرىنىڭ هەر قايسى 5 - 7 - 9 دىن بولىدۇ. هال-ئوقىتى ناچار كەمبەغەللەر ئىچىدە «قالىڭ مال» ئېلىشماي، «قايچا قۇدا» بولىدىغان ئادەتمۇ مەۋجۇد ئىدى (بۇنىڭدا ئۆز قىزىنى قارشى تەرەپنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇنىڭ قىزىنى ئۆز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىدۇ). كەمبەغەللەرنىڭ «قالىڭ مال» بېرىشكە مادارى يەتمىگەندە، ئۇنىڭغا ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، قەبىلىداشلىرى ياردەملىشىپ تەييارلاپ بېرەتتى.

كونا جەمئىيەتتە، فېئودال بايلار ئىچىدە ئىسلام دىنىنىڭ «بىر ئەرگە تۆت خوتۇن راۋا» دېيىدىغان پەتىۋاسى بويىچە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش ئەۋج ئالغانىدى.

قازاقلارنىڭ نىكاھ ئادىتىدە ئۆمۈرلۈك بولۇشنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ. شۇڭلاشقا، قازاقلار ئىچىدە نىكاھدىن ئاجراش يوق دېيەرلىك بولۇپ، هازىرمۇ ئاز ئۇچرايدۇ.

قازاقلارنىڭ ئائىلە-نىكاھ ئادەتلىرىدە ساقلانغان كونا ئادەتنىڭ ئالاھىدە بىر تۈرى «ئېمەڭگەرلىك» ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەت بويىچە ئېرى ۋاپات بولغان ياش ئايال قايتا ياتلىق بولۇشنى خالىسا، ۋاپات بولغان ئېرىنىڭ ئىنىسىغا ياكى ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ بىرسىگە ياتلىق بولۇشى لازىم. مۇنداق ئادەملەر بولمىسا ياكى ئايال ئۇنىڭ هېچ قايسىسىغا تېگىشنى خالىمىسا، ۋاپات بولغان ئەرنىڭ قەبىلىسى ئىچىدىكى ئەرنى تاللاش شەرت ئىدى. قازاقلاردىكى «ئەردىن كەتسىمۇ، ئەلدىن كەتمەيدۇ» دېگەن قائىدە مۇشۇنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئايالنىڭ قەبىلىدىن تاللىغان ئادىمى بۇ ئايالنى ئەمرىگە ئېلىشتىن باش تارتقاندىلا ئاندىن بۇ ئايالنىڭ ئۆز ئىختىيارى بىلەن كېتىشىگە يول قويۇلىدۇ.

قازاق ئائىلىسىدە، ئايال ئەرگە بېقىنىدۇ. ئاتىنىڭ هۆكۈمرانلىقى مۇتلەق بولىدۇ. باللارنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قارشى تۇرۇشى، ئاتا-ئانىسىغا بىهۆرمەتلىك قىلىشى قەتئىي چەكلىنىدۇ. ئاتا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىپ، قىزىنى ياتلىق قىلىپ، ئوغلىنى ئۆيلەيدۇ. ئۆيلەنگەن ئوغۇللىرىنىڭ مىراسىنى بېرىپ ئۆي ئايرىپ قويىدۇ. كەنجى ئوغلى ئاتىسىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئايالنىڭ ئائىلىدە مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى بولمايدۇ. پەقەت ئېرى ئۆلۈپ تۇل قالغان ئايالنىڭ باللىرى چوڭ بولغانغا قەدەر ئائىلە مۈلكىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقى بولىدۇ.

ئەر-خوتۇن نىكاھدىن ئاجراشقاندا، بالا ئاتىغا مەنسۇپ بولىدۇ. ئەر ئايالنى تاشلىسا، ئايال ياتلىق قىلىنىپ كەلگەندە ئۆيىدىن توي تەييارلىقى ۋە ئۆي جاهازلىرىنى ئارتىپ كەلگەن تۆگە-

سى، مىنگەن ئېتى، توي جابدۇقلىرىنىلا ئېلىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئايال ئەردىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، پەقەت ھېچنېمە ئالماي ئۆزىلا كېتىدۇ.

قازاقلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە مىراس ئوغۇللارغىلا بۆلۈنىدۇ. قىز ياتلىق قىلىنغاندا قىزغا بېرىلگەن ئات، تۆگە، توي جابدۇقلىرىدىن باشقا مىراس بۆلۈنمەيدۇ. پەقەت ياتلىق قىلىنغان قىز بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ، بالىلىق بولغاندىن كېيىن سالامغا كېلىدۇ. مۇشۇ ۋاقىتتا ئاتىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن مەلۇم مال-مۈلۈك بېرىپ قايتۇرىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئاتىنىڭ قىزىغا بەرگەن مىراسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جىيەنلەرگە (قازاقلاردا قىزنىڭ بالىسى جىيەن ئاتىلىدۇ) بېرىلگەن «قىرىق سەركەش» بىلەن «جىيەنلىك» مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

ئېرى ئۆلگەن ئاياللارغا ئەردىن قالغان مۈلۈكنىڭ ئالتىدىن بىرى، سەككىزدىن بىرىنى بېرىدۇ. تۇل قالغان ئاياللار ئىككى، ئۈچ بولسىمۇ مۇشۇ مىراسنى بۆلۈشۈۋالىدۇ. ياتلىق قىلىنمىغان قىز ئانىسى بىلەن كېتىدۇ. قازاقلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە بالا بېقىۋېلىش كەڭ ئەۋج ئالغان. بېقىۋالغان بالىنى ئۆيلەپ، ئۇنىڭغا مىراس بۆلۈپ بېرىدۇ. ئۇنى «ئاسراندى» دەپ ئاتاش، كەمسىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

قازاق خەلقى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، لېكىن نىكاھ، ئائىلىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرۇشتا، ئىسلام قائىدىسىگە قارىغاندا ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئۆرپ-ئادەتلىرىنى يۇقىرى كۆرىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئەزەلدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۆرپ-ئادىتى بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ. مانا بۇلار قازاق مىللىتىنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان باشقا مىللەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى ھېسابلىنىدۇ. قازاقلارنىڭ بۇ خىل ئۆرپ-ئادەتلىرىنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان (ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى) ئۆرپ-ئادەتلىرى ئىكەنلىكى شەك-شۈبھىسىز.

يۇقىرىقى ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلار قازاقلار ئىچىدە ئازادلىققا قەدەر ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. ئازادلىقتىن كېيىن يېڭى نىكاھ قانۇنىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە، نىكاھدا، ئائىلىدە، ۋارىسلىق قىلىشتا يەنە باشقا تەرەپلەردە قانۇن بەلگىلىمىسى بويىچە نىكاھ ئەركىنلىكى، ئەر - ئايال تەڭلىكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. كونا فېئوداللىق تەرتىپلەر يوقىتىلدى. لېكىن يەتتە ئاتىغا قەدەر قىز ئېلىشماسلىقتا ئوخشاش مىللىي ئۆرپ - ئادەتلەر تېخىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

## تەنتەنىلىك توي ۋە قائىدە - يوسۇنلار

چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كۆچمەن قازاق خەلقىنىڭ ھاياتىدا يازدىكى ئۈچ ئايلىق يايلاق ۋاقتى «ئۆمۈرنىڭ جەننىتى» ھېسابلىنىدۇ. ياز كېلىش بىلەن تەڭ خۇشپۇراقلىق رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، يايلاق ئاجايىپ گۈزەللىشىدۇ. ماللار سەمىرىپ، سۈت كۆپىيىپ، قىمىز چىقىدۇ. چارۋىچىلارنىڭ قولى ئىشتىن بوشاپ ئارام ئېلىش ۋاقتى يېتىپ كېلىدۇ. قىشنىڭ دەردىنى تارتقان قازاقلار يايلاقتا ئېچىلىپ - يايراپ، بارلىق توي - تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىش، تۈرلۈك ئەلنەغمە پائالىيەتلىرىنى يايلاقتا ئۆتكۈزىدۇ. قازاقلاردىكى «قىشتا قىسىل، يازدا يايرا» دېگەن تەمسىل مۇشۇنىڭدىن كېلىپ چىققان.

قازاقلاردا «توي» پەقەت توي قىلغۇچى بىر ئائىلىنىڭ خۇشاللىقىلا ئەمەس، ھەتتا پۈتۈن بىر قەۋمنىڭ ئورتاق مەرىكىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا، بىر ئائىلە توي قىلسا، ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، ئەل - ئاغىنىلىرى، ھەتتا پۈتۈن بىر قەۋمى سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، كى-

گەز ئۆيلىرىنى ئېلىپ كېلىپ تىكىپ، بىيەلىرىنى باغلاپ (قىمىز چىقىرىپ)، ئاشلىرىنى تەييارلىشىپ، مېھمان كۈتۈشۈپ، توي ئىشلىرىنى قىلىشىدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا قالغانلىق — ئەلنىڭ شەنىگە نۇقسان يەتكۈزگەنلىك، ئەزىيەتلىك بۇرچىنى ئادا قىلمىغانلىق بولىدۇ. تويغا ئەر - ئايال، قېرى - ياش، بالا - چاقا ھەممەيلەن بارىدۇ. ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ. قازاقلارنىڭ توي - تۆكۈن ۋە ئادەت - يوسۇنلىرىنىڭ تۈرلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، قازاق خەلقىنىڭ ھاياتى تويسىز - ئەلنەغمىسىز ئۆتمەيدۇ. قازاقلارنىڭ ھەممە تويى «تويباشلار» ناخشىسى بىلەن باشلىنىدۇ.

## تۇغۇت تويى

بىر بالىنىڭ دۇنياغا كېلىشى پەقەت بالا تۇغۇلغان ئائىلىنىڭلا خۇشاللىقى ئەمەس، بەلكى ئاۋۇل - ئايماقنىڭ ئورتاق خۇشاللىقى. بولۇپمۇ شۇ ئائىلىدە ئوغۇل تۇغۇلسا قازاقلار قاتتىق ئەتىۋالايدۇ. «ئوغۇل تۇغقانغا كۈن تۇغىدۇ» دېگەن تەمسىل مۇشۇنىڭدىن قالغان. ئادەتتىكى قازاق يوسۇنى بويىچە بالا تۇغۇلغان كۈنى شۇ ئائىلىدە توي باشلىنىپ، «قالجا (ئېغىر ئاياغ ئايالغا بېغىشلاپ بېقىلغان قوي)» سويۇلۇپ، بۇ ئۆيگە شۇ ئەتراپتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئاياللىرى ۋە باشقا ئاياللار يىغىلىپ، بىر كېچە ناخشا ئېيتىپ، دومبىرا چېلىپ، «تۇغۇت ئۆيى»نى كۆزىتىدۇ. تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بەزىدە «تۇغۇت ئۆيى»نى كۆزىتىش ئۈچ كۈن داۋاملىشىدۇ.

## بۆشۈك تويى

يېڭى تۇغقان بالىغا ئات قويۇپ، ئۇنى تۇنجى قېتىم بۆشۈككە سېلىش مۇراسىمى «بۆشۈك تويى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭغا كۆپىنچە ئەتراپتىكى ئاياللار چاقىرىلىدۇ. تويغا كەلگەن ئاياللار بالىغا ئاتاپ چاچقۇ، كىيىم - كېچەك، كۆز مۇنچاق، ئۈكە ۋە باشقا تويلۇقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ تويدا بالىغا ئات قويۇلىدۇ. ئىسىمنى مۆتىۋەر كىشىلەر قويىدۇ. قويۇلىدىغان ئىسىمنى بالىنىڭ ئۇڭ قۇلىقىغا ئۈچ قېتىم، ئۇنىڭدىن كېيىن سول قۇلىقىغا ئۈچ قېتىم تۇۋلايدۇ. ياشانغان مۆتىۋەر ئاياللاردىن بىرى بالىنى تۇنجى قېتىم بۆشۈككە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تويغا يىغىلغانلار تاماق يەپ، بالىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزۇن، بەختلىك بولۇشىنى تىلەپ تارقىشىدۇ.

## بالىنى ئاتقا مىنگۈزۈش مەرىكىسى

قازاقلاردا بالىنى بەش يېشىدىن باشلاپ ئات مىنىشكە ئۆگىتىلىدۇ. بالىنىڭ تۇنجى قېتىم ئاتقا مىنىدىغان كۈنىگە بېغىشلاپ ئاتا - ئانىسى مەخسۇس توي قىلىپ بېرىدۇ. ئاتقا مىنىدىغان بالا بېشىغا ئۈكە تاقاپ «ئاچاماي» دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تەرىپى «×» شەكلىدە ئاچىماق ياسالغان ئىگەرگە مىنىپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى ۋە قەبىلىداشلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى ئارىلايدۇ. بالا ئات مىنىپ مەخسۇس يوقلاپ بارغان تۇغقانلىرى بالىغا قۇرۇت ۋە بوغۇرساقلاردىن چاچقۇ چېچىپ بىر يۈرۈش ئىگەر جابدۇقلىرىنى بېرىدۇ. مۇشۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ بالا ئىگەر-توقۇمغا ئىگە بولۇپ، تاي ۋە غۇنانغا مىنىپ يۈرۈشكە باشلايدۇ. كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن قازاقلاردا بىردىن ئىگەر بولۇشى شەرت. قازاقلار ئىچىدە ئات-ئۇلاغ تاپماق ئاسان، ئىگەر تاپماق تەس. چۈنكى قازاقلار ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى ئات ئۈستىدە ئۆتىدۇ. «ئات تېپىلىدۇ، ئىگەر تېپىلمايدۇ» دېگەن تەمسىلمۇ شۇنىڭدىن چىققان. قازاق بالىلىرى ئات مىنىشكە خۇشتار، ئۇلارنىڭ تىلى «ئات» دەپ چىقىدۇ. بۆشۈكتىكى

ۋاقتىدىلا ئانىسى ئۇنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يۈرىدۇ. قازاقنىڭ بالىلىرى يىغلىسا «ئات مىندۈرىمەن» دېسە يىغىسى بېسىلىدۇ.

## سۈننەت تويى

ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسى بويىچە قازاقلار ئوغۇل بالىلىرىنى بەش ياكى يەتتە ياش ۋاقتىدا خەتنە قىلدۇرىدۇ. خەتنە قىلدۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن توي قىلىدۇ. توي ھارپىسىدا خەتنە قىلىنىدىغان بالىنىڭ بېشىغا ۋە ئىككى مۈرىسىگە ئۈكە تاقاپ، ئاتقا مىنگۈزۈپ، يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئارىلىتىدۇ. بارغان يەرلەردىكى تۇغقانلىرى چاچقۇ چېچىپ تەبرىكلەيدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ھال-ئوقىتىغا قاراپ بالىغا ئۈكە تاقايدۇ. ئوغلاق، باقلان، قۇلۇن قاتارلىق ياش ماللارنىڭ بىرسىگە ئەن سېلىپ بېرىدۇ. مۇشۇ تويدا بالىغا بېغىشلاپ ئەن سېلىنغان ئەركەك قۇلۇن چوڭ بولغاندا «سۈننەت ئېتى» ھېسابلىنىدۇ.

بالىنىڭ خەتنىسىنى قازاق ئىچىدە مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «خوجىلار» قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە بالىنى خەتنە قىلىشنى دوختۇرلار قىلماقتا. خەتنە قىلىش ئىسلام دىنىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ دىنىي ئادەتتىن مىللىي ئادەتكە ئايلانغان. سۈننەت تويى ئەمەلىيەتتە بالىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ، قاتارغا قوشۇلۇشىنىڭ دەسلەپكى جەريانىنى قۇتلاشتىن ئىبارەت.

## قىز چىقىرىش ۋە كېلىن چۈشۈرۈش

قازاقلارنىڭ قىز ياتلىق قىلىش ۋە كېلىن چۈشۈرۈشتىكى ئادەت-يوسۇنلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، قۇدا چۈشكۈچى ئىككى تەرەپ توختامغا كەلگەندىن كېيىن، كۈيئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپكە «ئۆلتىرى» (كىچىك چاي) ئاپىرىدۇ. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆلتىرى (كىچىك چاي) تويى ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ قۇدىلىقنىڭ رەسمىيلەشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۈيئوغۇل تەرەپ ئۆز تەرەپىدىكى كىشىلەرنى چاللاپ «جىرتىش سېلىش» تويى قىلىدۇ (جىرتىش-يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە ئاپىرىدىغان كىيىم-كېچەك رەختلىرى). مۇشۇ تويدا ئاپىرىلىدىغان «جىرتىش» تەييارلىنىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ياردەم قىلىدۇ.

تەييارلانغان «جىرتىش» قىز تەرەپكە ئاپىرىلىدۇ. قىز تەرەپ توي قىلىدۇ. بۇ، توي كۈيئوغۇلنىڭ «يۈز كۆرۈشۈش» تويى بولۇپ، «ئىشىك كۆرۈش تويى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ قېتىم كۈيئوغۇل قىز بىلەن ئۇچرىشىدۇ ۋە قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىغا كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كۈيئوغۇلنىڭ قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ-كېلىشىگە بولىدۇ.

ئىشىك كۆرۈش تويىدىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى «ئۇزىتىش تويى»نى قىلىپ، قىزىنى ئۇزىتىدۇ. بۇنىڭغا ئۇلاپلا يىگىت تەرەپتە «كېلىن چۈشۈش تويى» بولىدۇ. شۇنداق قىلىپ توي مەرىكىسى ئارقا-ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان بەش قېتىملىق توي ئارقىلىق بېجىرىلىدۇ. بارلىق توي «تويباشلار» دەپ ئاتىلىدىغان مۇراسىم ناخشىسى بىلەن باشلىنىدۇ. بۇنىڭ مەزمۇنى تويىنى تەبرىكلەش ۋە تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى بىلەن توي ئۆتكۈزۈشكە يۇرتنى ئىلھاملاندۇرۇشتىن ئىبارەت. قىز ئۇزىتىش تويىدا ئىسلام دىنىدىكى باشقا مىللەتلەرگە ئوخشاش موللىلارنىڭ ئالدىدا «نىكاھ ئوقۇتۇش» رەسمىيىتى داغدۇغىلىق بولمايدۇ. ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت

قازاقلارنىڭ قەدىمكى مىللىي ئادىتى بويىچە قىزلار بىلەن يىگىتلەر ئىككى تەرەپ بولۇپ «يار-يار»

ئېيتىش بىلەن ماقۇللىنىدۇ. «يار-يار» يېڭى تويى قىلغان ئەر-خوتۇنلارنىڭ دوستانە، ئىناق، تاتلىق، بەختلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىنى تىلىگەن كۆپچىلىكنىڭ تىلەكلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

قىز ياتلىق قىلىنىپ بارغاندىن كېيىن «كېلىن چۈشۈرۈش تويى» ئۆتكۈزۈلىدۇ. يېڭىدىن چۈشكەن كېلىن قېيىن ئاتىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگۈزۈلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قىزىل - يېشىل بايراقچىلار باغلانغان قامچا تۇتقان بىر يىگىت «يۈز ئاچار» ناخشىسىنى ئېيتىپ كېلىننىڭ يۈزىنى ئاچىدۇ. «يۈز ئاچار» ناخشىسى ئارقىلىق يېڭى چۈشكەن كېلىن ئائىلىگە تونۇشتۇرۇلىدۇ. كېلىنگە ئەقىل كۆرسىتىلىپ، نەسىھەت قىلىنىدۇ. كېلىن قېيىن ئاتا، قېيىن ئانىسىغا، قېيىن ئاغىسىغا سالام قىلىدۇ. چوڭ ئۆينىڭ ئوتىغا ماي تاشلايدۇ. ماي قويۇلغان ئوت لاپىدە يانغاندا ئولتۇرغانلار «ئوت ئانا، ماي ئانا، ئىلتىپات قىل» دەپ ئىبادەت قىلىدۇ. بۇ، قازاق خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىدىن بۇرۇنقى ئوتقا ئىبادەت قىلىدىغان ۋاقىتىدىن قالغان ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىدە شەك يوق.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان تويلارنىڭ ھەممىسى ئەلنەغمە بىلەن ئۆتىدۇ. بۇ تويلاردا «تويباشلار»، «يۈز ئاچار»، «يار - يار» ۋە باشقا مەرىكە ناخشىلىرى ئېيتىلىدۇ. ھەر تۈرلۈك مەرىكە ناخشىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئاھاڭى بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى «ئۆلەڭ (شېئىر) تويى» دەپ ئاتىلىدىغان مەرىكە بولۇپ، بۇ كۈيئوغۇلنىڭ يۈز كۆرۈشۈش تويىغا بىرلەشتۈرۈلۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ. تاڭ ئاتقىچە «ئاقىنلار ئېيتىشىشى» بولىدۇ.

قىز چىقىرىش ۋە كېلىن چۈشۈرۈش تويلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئويۇنلار ئۆتكۈزۈلىدۇ: «سۇۋغا ئېلىپ قېچىش»، «ئوغلاق تارتىشىش»، «قىز قۇۋار» قاتارلىق ئويۇنلارنى ئوينايدۇ. «ئاتلارنى يورغىغا سالىدۇ»، «پالۋانلار چېلىشىدۇ»، «تەڭگە ئېلىنىدۇ»، «يامبۇ ئاتىدۇ»، «ئات سەكرىتىدۇ»، «ئات ئۈستىدە كۈچ سىنىشىدۇ». بۇلار تەنھەرىكەت خاراكتېرى كۈچلۈك بولغان ئويۇنلار ھېسابلىنىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(بېشى 39-بەتتە)

سوپىلار سوقۇشى يۈز بەرگەن؛ مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ھەمراھى، مەسلىھەتچىسى «ئۇزۇن قۇلاق زات» دەپ نام چىقارغان مەككە خوجا ئۆزىنىڭ 40 مۇرىتى بىلەن شوردۆڭ دېگەن يەردە (مەكىت تەۋەسىدىكى بۇ يەر ھازىر «شەھىددۆڭ» دەپ ئاتىلىدۇ) خوجا مۇھەممەد شېرىپ سوپىلىرى تەرىپىدىن قەتلە قىلىنىپ تاشلانغان. ئاقسۇ، كۇچا، باي، مارالبېشى قاتارلىق جايلاردىمۇ مەخدۇم ئەزەمچىلەر خەلقنىڭ غەزىپى بىلەن تۇرالمايدىغان بولۇپ قېلىشقان. ئاخىرى بۇ ئىشلارنىڭ تەسىرى بىلەن مەخدۇم ئەزەم ئۆز يېرىگە «ئۆزىچىلا» كېتىپ قالغان. «مەخدۇم ئەزەم يولى» مۇ بىر مەزگىل كاساتلاشقان.

لېكىن بىزنىڭ شۇ چاغلاردىكى ئەجدادلىرىمىز يەنىلا شۇ «مەخدۇم ئەزەم يولى»، «مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى»، «مەخدۇم ئەزەم مۇرىتلىرى» ھېسابلىنىدىغان سوپى، ئىشانلار ياكى خوجا «پىر» لارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك جاھالەتلىك زامانلىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن، ھەتتا كەلگۈسى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن نادانلىق (جاھالەت)ئەسلىمە خاتىرىلىرىنى قالدۇرۇشۇپ، تەقدىرگە تەن بېرىش ئادەتلىرىنى يۇقتۇرۇشۇپ ئالەمدىن ئۆتۈشكەن. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 16- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە شىنجاڭدا سوپىلىق تەرىقىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن توختىماي ھەرىكەت قىلغان، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتكەن ۋە بىرقىسىم تارىخىي پاجىئەلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مەشھۇر «زات» لارنىڭ ئىنتايىن كۆپچىلىكى ئەنە شۇ مەخدۇم ئەزەم ئەۋلادلىرى ۋە مەخدۇم ئەزەمچىلەردىن ئىبارەتتۇر.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)



# ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى بۆشۈك تويى

سوفيوپ

ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىدە ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى بۆشۈك تويى — بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈندىن كېيىن قىرقى چېچى ئېلىنىپ، بوۋاقنىڭ بۆشۈككە سېلىنغانلىقىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن، تۇنجى تۇغۇتلۇق ئائىلىنىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە، تۇنجى پەرزەندىنىڭ شەرىپىگە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاددىي - ساددا، ئەمما مول مەزمۇنلۇق ئائىلىۋى مەرىكىدۇر.

## ھامىلدارلىق مەزگىل

ئۇيغۇرلاردا، قىز ياتلىق قىلىنىپ، تۇنجى تۇغۇتىدا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىدە يەڭگىش ئومۇمىي ئادەتتۇر.

قىز ياتلىق قىلىنىپ، ھامىلدار بولغانلىقى سېزىلگەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئانىسى پۈتۈن ئېسى-يادى بىلەن قىزىنىڭ تۇغۇت غېمىدە بولۇپ، ئۇنىڭ سېزىكلىك ئالامەتلىرىگە ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. تەجرىبىلىك تۇغۇت ئانىلىرى ۋە ئانىلار تۆۋەندىكى ئالامەتلەرگە قاراپ تورساقتىكى بالىنىڭ ئوغۇل ياكى قىزلىقىغا ئالدىن ھۆكۈم قىلىشىدۇ ھەم شۇ بويىچە ئەشتان - پايپاق تىكىپ، بۆشۈك تەييارلايدۇ. بۇنىڭدا، ھامىلدار ئايال سېزىك بولۇپ، كۆڭلى ئاچچىق - چۈچۈك، تەمى قاتتىق يېمەكلىكلەرنى تارتسا، يۈزىگە داغ چۈشۈپ، مىجەزى چۇس بولۇپ قالسا ياكى ساغرىسى چوكچىيىپ كەتسە قىز تۇغىدۇ دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە ھامىلدار ئايال تاتلىق - تۈرلۈم يېمەكلىكلەرگە سېزىك بولۇپ، مىجەزى ئېغىر - بېسىق، يۈزى پارقىراق بولۇپ قالسا ئوغۇل تۇغىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز تەجرىبىلىرى بويىچە قىلغان ھۆكۈم ۋە پەرەزلىرى بەزى ھاللاردا توغرا چىقىپمۇ قالىدۇ.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزى تەۋەللۇد قىلىشقا ئۈچ ھەپتە قالغاندا ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى كۈيئوغلى بىلەن ئالاقىلىشىپ، قىزىنى يۆتكەپ كېتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرىدۇ. قۇدىسى ياكى كۈيئوغلى قوشۇلغاندىن كېيىن، مەھەللىسىدىن ھەم ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن بولۇپ يەتتە - سەككىز ئايالنى باشلاپ قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. قۇدا تەرەپ ئۆزىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۆز مەھەللىسىدىن بەش - ئالتە ئايالنى چاقىرىپ، قويۇق - سۇيۇق ئاش قىلىپ، ئۇلارنى چىرايلىق مېھمان قىلىپ ئۇزىتىپ قويىدۇ. قىزنى ئوغۇلنىڭ ئۆيىدىن ئېلىپ مېڭىش ئالدىدا ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى كېلىنىنىڭ سالامەت يەڭگىشى ئۈچۈن، بوسۇغا ئالدىغا چىقىپ، يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ تۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئۇزاتقۇچىلار ھەم ئۇزىغۇچىلارمۇ دۇئادا تەڭ قول كۆتۈرۈشۈپ، بىر ئاز كۆز يېشىمۇ قىلىشىدۇ. چۈنكى ئازادلىقتىن بۇرۇن تۇنجى تۇغۇتنى ھايات - ماماتلىق جەڭ قاتارىدا كۆرۈپ «تەلىيى بولسا ساق قالىدۇ، بولمىسا ئالەمدىن كېتىدۇ» دەپ قارايتتى. ئۇ زامانلاردا مەخسۇس

## ئۆرپ-ئادەتلەر

دوختۇرخانىلار ۋە تۇغۇت دوختۇرلىرى بولمىغانلىقتىن، بولغاندىمۇ، خۇراپىي ئەقىدىلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ياردىمىنى راۋا كۆرمىگەچكە، بالىنىڭ تەتۈر كېلىپ قېلىشى ياكى ھەمراھىنىڭ چۈشمەسلىكى بىلەن تۇنجى تۇغۇتىدا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم يۈز بېرىپ تۇراتتى. شۇڭا تۇنجى تۇغۇتىدا يۆتكەپ كېتىش، نەزىر - چىراق ئۆتكۈزۈش، بويىدىن ئاجراپ كەتمىسۇن دەپ ئېغىر - يېنىك ئىشلارغا سالماسلىق ئۇمۇمىي ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان.

## ئانىنىڭ تۇغۇتلۇق مەزگىلى

بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن، تۇغۇتلۇق ئايال 40 كۈنگىچە تالا - تۈزگە چىقمايدۇ، تاماق ئەتمەيدۇ، كىر يۇمايدۇ، سوغۇق سۇغا قولىنى سالمايدۇ ھەم يۇيۇنمايدۇ (ئايرىم ئەھۋال ئاستىدا ئايال يەڭگىپ بىر ھەپتە بولغاندا ئۇنىڭ ئانىسى ھەر خىل ئۇسۇملۇكلەردىن تەييارلانغان ئىسسىقلىق دورىلىرىنى قاينىتىپ، لۆڭگىنى ھۆلدەپ پۈتۈن بەدىنىنى بىر قېتىم سۈرتۈپ قويىدۇ. شۇنداقلا قىزنىڭ تۇغۇت جەريانىدا تولغاق يەپ، ئۈگىلىرىنىڭ ئاجراپ زەخىملەنگەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۈگىلىرىنى تېزرەك جايىغا چۈشۈرۈش، سالامەتلىكىنى پاتراق ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن بەش - ئالتە تۇخۇمنى چېقىپ، بىر ماتاغا چىلاپ بېلىنى تېڭىپ قويىدۇ). پەقەت بوۋاق 40 كۈنلۈك بولۇپ قىرقىنى چىقىرىدىغان كۈنى (بۆشۈك تويى كۈنى) ئاندىن تۇغۇتلۇق ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ، قارا چاي، دورا - دەرمەكلەر قاينىتىلىپ ئىسسىلمان قىلىنغان سۇدا يۇيۇنۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، بۆشۈك تويىغا كەلگەن ئۇششاق بالىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ۋە مېھمانلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. شۇ كۈندىن تارتىپ تاماق ئېتىش ۋە باشقا ئۆي ئىشلىرىغا ئارىلىشىدۇ. بوۋاق 40 كۈنلۈك بولمىغىچە تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ قولىدىن تاماق يېيىش مەكرۇھ دەپ قارىلىدۇ، بۇ تازىلىق جەھەتتىن دەپ قارالسىمۇ، مۇھىمى تۇغۇتلۇق ئايالنى ئاسراش كۆزدە تۇتۇلىدۇ شۇنداقلا 40 كۈنگىچە كىشىلەرگە كۆرۈنۈش مەنئىي قىلىنىدۇ (ئايرىم جايلاردا ئۆزىنىڭ دادىسىغىمۇ كۆرۈنمەيدۇ). بۇ ئەدەب - ئەخلاق جانىبىدىندۇر. ئەمما بوۋاق 40 كۈن بولماي تۇرۇپمۇ جامائەتكە بىر قېتىم كۆرسىتىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ «ئات تويى» كۈنىدۇر.

بوۋاق تۇغۇلۇپ ئۈچ كۈن ياكى يەتتە كۈن بولغان ئارىلىقتا، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئاتا - ئانىسى كۈيئوغلىنى ھەم ئۇنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنى چاقىرىپ «ئات تويى» قىلىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدا شۇ مەھەللىنىڭ ئىمامى ياكى يۈز - ئابرويلۇق كىشىدىن بىر قانچىسى تەكلىپ قىلىنىدۇ. ئۇلاردىن بىر ئاخۇن بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ، بوۋاقنىڭ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ تۇرۇپ ئىككى قۇدىنىڭ تاللىغان ئىسمىنى (ئايرىم جايلاردا كىتابقا قاراپ قويىدۇ. بۇنىڭدا بىر كىتابنى بوۋاققا ئاچقۇزىدۇ، ياكى ئىككى قۇدىنىڭ بىرسى كىتابنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئېچىپ شۇ يەرنى ئوقۇيدۇ، شۇ جايدىن قانداق ئىسىم چىقسا شۇنى قويىدۇ ۋە ياكى مەخسۇس «ئات قويۇش رىسالىسى» غا قاراپ ئاتىمۇ قويىدۇ) ئەزان چىللاپ قويىدۇ ھەم بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا تاللىغان شۇ ئىسمىنى توۋلاپ بوۋاقنى جاينامازغا ياتقۇزۇپ، بىر يۆگىلىتىدۇ، ئاندىن كېيىن مېھمانلار بوۋاقنىڭ دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقىنى تەبرىكلىشىدۇ. شۇ كۈنى بوۋاقنىڭ 1- رەسمىيىتى ئادا قىلىنغان بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭ بىلەن تۇغۇتلۇق ئۆينىڭ ئىشىكىگە ئېسىلغان قىزىل لاتا ئېلىنىپ كەتمەيدۇ. بۇ قىزىل لاتا بولسا - «بۇ ئۆيدە تۇغۇتلۇق ئايال بار، مېھمان قوبۇل قىلالمايمىز» دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ئۆيگە بىرەر ئىش بىلەن ياكى مېھمان بولۇپ كەلگۈچىلەرمۇ، قىزىل لاتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن كېتىپ قالىدۇ. زۆرۈر ئىشى بولسا ئۆي ئىگىسىنى چاقىرتىپ چىقىپ سىرتتا كۆرۈشىدۇ. شۇ ئائىلىدىكىلەرمۇ تۇغۇتلۇق ئۆيگە كىرىش توغرا كەلسە ھاسىراپ - ھۆممىدەپ، يۆتىلىپ، ئالدىراپ كىرىشكە بولمايدۇ. پەقەت ئىشىكنىڭ تۈۋىدە دېمىنى ئېلىۋېلىپ، سىرتتا يۆتىلىۋېلىپ ئاندىن كىرىدۇ. بۇ ئادەت ۋە قائىدىلەر بوۋاقنى چۆچۈتۈۋەتمەسلىكنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇندىن باشقا ئايال يەڭگىپ 40 كۈن بولمىغىچە يالغۇز تاشلاپ قويۇلمايدۇ، كېچىسى ئانىسى ياكى بىر ئايال ھەمراھ بولۇپ، تاڭ ئاتقىچە چىراغ ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

## بۆشۈك تويى

ئۇيغۇرلار ئاساسەن (ئايرىم جاي، ئايرىم ئائىلىلەردە ئىككى - ئۈچ بالىسىغا قەدەر) تۇنجى بالىسى

ئۈچۈن بۆشۈك تويى قىلىپ بېرىدۇ. بوۋاق 40 كۈنلۈك بولغاندىن كېيىن، تۇغۇتلۇق ئايالنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزىنىڭ مەھەللىسىدىكى مەكتەپ يېشىغا توشمىغان (بەش-ئالتە ياشلىق باللار) ئەقىللىق، چىرايلىق، پاكىز باللاردىن 20 — 30 نى (ئەسلىدە 40 بالا بولۇش كېرەك) چاقىرىدۇ. بۇ باللار ئۈچۈن مەخسۇس بولاق، بىردىن ئۇششاق توقاچ تەييارلىنىدۇ. باللارنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى بوۋاقنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان ئابۇۋان ئۆيگە باشلاپ كىرىپ بوۋاقنى كۆرسىتىدۇ. ئاندىن بوۋاقنى يالىڭاچلاپ، ھەر بىر بالىغا بىردىن ياغاچ قوشۇق تۇتقۇزۇپ، بوۋاقنى يۇيۇش ئۈچۈن تەڭشەلگەن ئىسسىق سۇنى بوۋاقنىڭ بېشىدىن قۇيغۇزىدۇ. ھەر بىر بالا ئۆزىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى، بوۋاق ئوغۇل بولسا «جان»، قىز بولسا «ئاي»، «گۈل» دېگەن سۆيەت بىلەن قوشۇپ چاقىرىپ، «××× ئالىم بول (بولۇڭ)»، «××× موللا بول (بولۇڭ)»، «××× ئەدەبلىك بول (بولۇڭ)»، «××× باتۇر بول (بولۇڭ)».... دېگەندەك سۆزلەرنى تەكرارلاپ، بوۋاقنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ، بوۋاققا قويۇلغان ئىسمىنى سىڭدۈرىدۇ. بۇ باللار بوۋاقنىڭ ئىسمىنى بوۋاققا سىڭدۈرۈپلا قالماستىن، پۈتۈن مەھەللىگە بوۋاقنىڭ ئىسمىنى پەخىرلەنگەن ھالدا ئېلان قىلىدۇ.

باللار بوۋاققا سۇ قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئاتاپ تەييارلانغان زىياپەت باشلىنىدۇ. بۇ زىياپەتتە باللارغا بىر سىقىمدىن مېۋە (يازدا ھۆل مېۋە، قىشتا قۇرۇق مېۋە) ئۈلەشتۈرۈپ بېرىلىپ، ئاندىن بىردىن كىچىك توقاچقا بولاق ئېلىپ بېرىلىدۇ. كىچىك باللار توقاچقا ئېلىپ بەرگەن بولاقنى ئېلىپ ئۆيلىرىگە خۇشال-خۇرام قايتىپ، ئاتا-ئانىلىرىغا كۆرسىتىشىدۇ.


بوۋاق شۇ كۈنى يۇيۇندۇرۇپ بولۇنغاندىن كېيىن، يالىڭاچ ھالىتىدە كىچىك تەگنىگە سېلىنىپ، چوڭلار تەرىپىدىن ئايەت ئوقۇلۇپ بىر قېتىم تەۋرىتىلىدۇ. ئاندىن تەگنىدىن ئېلىپ بۆشۈككە سېلىنىدۇ.

شۇ كۈنى يەنە بوۋاقنىڭ قىرقى چېچى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇنىڭغا شۇ ئىشنىڭ ئەھلى بولغان، قولى يۇمشاق، پىشقەدەم ساتىراش تەكلىپ قىلىنىدۇ.

مەيلى قىز بولسۇن، مەيلى ئوغۇل بولسۇن، بوۋاقنىڭ شۇ قېتىم چۈشۈرۈلگەن چېچى يەرگە چۈشۈرمەي تولۇق يىغىۋېلىنىپ، جىڭلاپ شۇنىڭ باراۋىرىدە ساتىراشقا كۈمۈش (ھازىر مۇۋاپىق پۇل) سەدىقە بېرىلىدۇ. ئايرىم جاي ياكى ھالىق ئائىلىلەردە بولسا، بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈپ بولۇنغاندىن كېيىن، مەخسۇس بىر قوي سويۇپ ئۇنى تەڭمۇتەڭ يەتتە پارچىغا بۆلۈپ، ئۇنى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئىقتىسادىي ناچارراق ئائىلىدىن يەتتىسىگە سەدىقە ئورنىدا تارقىتىپ بېرىلىدۇ. بۇنداق قىلىشتىن مەقسەت بۇ يەتتە پارچە گۆش شۇ بوۋاقنىڭ يەتتە ئەزاسىنىڭ راۋرۇس، سالامەت چوڭ بولۇشىنى، ئەيىپناق بولۇپ قالماسلىقىنى تىلەپ قىلىنغان سەدىقىدۇر.

## يۆتكەپ كېتىش

بۆشۈك تويىدىن كېيىن، ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرى، قوشنىلىرىدىن بولۇپ يەتتە-سەككىز ئايالنى باشلاپ كېلىنىنى يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىكىلەر كېلىنى ئۈچۈن مەخسۇس تىكتۈرگەن كىيىم-كېچەكلەرنى ئېلىپ كەلگەندىن تاشقىرى، نەۋرىسىنى 40 كۈنلۈك قىلىپ بەرگەن (بېقىپ بەرگەن) قىزنىڭ ئانىسى ئۈچۈنمۇ بىر كىيىملىك رەخت ئالغاچ كېلىدۇ. قىزنىڭ ئانىسىمۇ ئۆز مەھەللىسىدىن بەش-ئالتە ئايالنى چاقىرىپ، قويۇق-سۇيۇق ئاش قىلىپ مېھمانلارنى قىزغىن كۈتىدۇ ھەم قىزى بىلەن نەۋرىسىنى ئېلىپ چىقىپ مېھمانلارغا كۆرسىتىدۇ. مېھمانلار بوۋاقنى بىر بىرلەپ قولىغا ئېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ بوۋاق ئۈچۈن ئەكەلگەن سوۋغىلىرىنى (پۇل - پېچەك، بوسما، ئىشتان - پايپاق) تەقدىم قىلىشىدۇ ۋە بوۋاقنىڭ ئانىسىنىڭ تۇغۇتتىن ئوبدان قوپقانلىقىنى، ياخشى بېقىلغانلىقىنى مەدھىيىلىشىدۇ. شۇ كۈنكى چايدىن كېيىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى قىزى ۋە نەۋرىسىنى ئوغۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋە ئۇلارنىڭ مېھمانلىرىغا قوشۇپ خۇشال - خۇرام ئۇزىتىپ قويىدۇ.




# پاكىستان خەلقى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى

زەينەپ نىياز

1986 - يىلى 10 - ئاينىڭ 5 - كۈنىدىن 24 - كۈنىگىچە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى يولداش ئابلىز داۋۇت باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ناخشا-ئۇسسۇل ئۆمىكى پاكىستان دۆلەتلىك سەنئەت كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو - پاكىستان ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پاكىستاندا ئويۇن قويغانىدى. مەن مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئۆمەك تەركىبىدە پاكىستاندا زىيارەتتە بولدۇم.

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، ئۆزبېك مىللەتلىرىنىڭ تۆھپىكار ئارتىسلىرىدىن تەشكىللەنگەن بۇ سەنئەت ئۆمىكىنىڭ پاكىستاندا قويغان ئويۇنلىرى جۇڭگو خەلقىنىڭ جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ پاكىستان خەلقىگە بولغان چوڭقۇر دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئىپادىلىدى. ئىككى مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان ئۈرۈمچى بىلەن پاكىستاننىڭ غەربىي شىمال چېگرا ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە مەركىزى پېشاۋۇردىن ئىبارەت ئىككى دوست شەھەرنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشتە تېگىشلىك رول ئوينىدى.

شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى 1976 - يىلى پاكىستانغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ، پاكىستان خەلقىدە ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرغانلىقى ئۈچۈن، پاكىستان ھۆكۈمىتى بۇ قېتىم شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنى بىۋاسىتە تەكلىپ قىلغانىدى. شۇڭا زىيارەت ئۆمىكى شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكى پاشا ئىشان، رابىيە مەھەممەد، مەريەم ناسىر، خەلچەم سىدىق، گۈلباھار سىدىق، مۇھەممەد داۋۇت، ئىمىن قۇربان قاتارلىق ئاتاقلىق ئارتىسلاردىن ۋە نازار قاتارلىق بىر قىسىم ياش، مۇنەۋۋەر ئارتىسلار، مۇزىكانتلار، شۇنداقلا شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى، خوتەن، تۇرپان ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدىكى بىر قانچە تالانتلىق ئارتىسلار ۋە مۇناسىۋەتلىك خادىملار بولۇپ جەمئىي 36 كىشىدىن تەشكىللەندى. بىز 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايروپىلان بىلەن قەشقەرگە بېرىپ ئاندىن ئاپتوبۇس بىلەن خۇنجىراپ ئېغىزى ئارقىلىق چېگرىدىن ئۆتۈپ 5 - ئۆكتەبىر كۈنى پاكىستاننىڭ تاغلىق شەھىرى گىلگىتكە يېتىپ باردۇق. پاكىستان دۆلەتلىك سەنئەت كومىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتۇر باتا ئەپەندى پاكىستان پايتەختى ئىسلاماباتتىن ئالايىتەن بۇ يەرگە ئالدىمىزغا كېلىپ بىزنى كۈتۈۋالدى.




قايتقان ۋاقتىمىزدىمۇ باتا ئەپەندى بىزنى دۆلىتىمىزنىڭ پېلادىكى تاموژنىسىغىچە ئۇزىتىپ كەلدى. باش ئەلچىخانىمىزدىكى يولداشلار، بۇ،

سەنئەت ئۆمىكىمىزنى ئالاھىدە قىزغىن قارشى ئالغانلىقىنىڭ ئىپادىسى، دېدى.

پاكىستاندا تۆت ئۆلكە بولۇپ، بىز پايتەخت ئىسلامئاباتتا ۋە ئۇنىڭغا 20 كىلومېتىرلا كېلىدىغان راۋالپىندى شەھىرىدە، پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لاھوردا، غەربىي — شىمال چېگرا ئۆلكىسىنىڭ ئۆلكە مەركىزى پېشاۋۇر شەھەرلىرىدە زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىدە بولدۇق. بۇ شەھەرلەر يېشىللىققا پۈركەنگەن، چوڭ ۋە قەدىمكى شەھەرلەر ئىكەن. بولۇپمۇ چوڭ - كىچىك كوچىلار ۋە مېھمانخانىلارنىڭ ھەممىسىدە پاكىستاننىڭ دۆلەت گۈلى ھېسابلانغان ئەتىرگۈل ئۆستۈرۈلگەچكە ئەتىر گۈللەرنىڭ خۇشپۇرىقى كىشىگە بىر خىل ئىللىق ۋە راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. بۇ شەھەرلەرگە بارغاندا بىزنى شۇ ئۆلكىنىڭ ياكى شەھەرنىڭ مەدەنىيەتكە مەسئۇل ئەمەلدارلىرى كۈتۈۋالدى. شەھەر ياكى ئۆلكە باشلىقى داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزدى. ھەر قېتىملىق ئويۇنىمىزنى دۆلەت ۋە ئۆلكىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى كۇلۇبقا لىق تولۇپ ئولتۇرغان تاماشىبىنلار بىلەن بىرگە كۆردى. راۋالپىندىدا ئۆتكۈزۈلگەن قارشى ئېلىش زىياپىتىدە شەھەر باشلىقى غۇلام ھۇسەيىن: «بىز سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. چۈنكى سىلەر جۇڭگودىن كەلدىڭلار. جۇڭگو بېشىمىزغا ئېغىر كۈنلەر كەلگەندە بىزگە سەمىمىي ياردەم قىلىپ كەلدى. بىز جۇڭگونى ئۆز قېرىندىشىمىز دەپ بىلىمىز» دېدى. بۇ يەردە تۇنجى مەيدان ئويۇن قويغاندا داغدۇغىلىق باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت، تەنتەربىيە، ساياھەت مىنىستىرى مېھرانخان باجرانى قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۆمەك باشلىقىمىز ئابلىز داۋۇتمۇ سۆز قىلىپ: سەنئەت ئۆمىكىمىز جۇڭگو خەلقىنىڭ پاكىستان خەلقىغە بولغان دوستلۇق مۇھەببىتىنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، پاكىستان جۇڭگونىڭ ئۇزۇن سىناقلاردىن ئۆتكەن دوستى بولۇپ، بۇ قېتىمقى زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقىنىڭ تېخىمۇ تەرەققىي قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. پېشاۋۇر شەھىرىنىڭ باشلىقى زىياپەت ئۆتكۈزۈپ بىزنى قارشى ئېلىش نۇتقى سۆزلىگەندە مۇنداق دېدى: «سىلەر ئۇلۇغ دوستىمىز جۇڭگودىن كەلدىڭلار. بىزنىڭ دوست شەھىرىمىز ئۈرۈمچىدىن كەلدىڭلار. بىز جۇڭگودەك دوستىمىز بولغاچقا پەخىرلىنىمىز. جۇڭگو بىزنىڭ ئاكىمىز. بىز سىلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمىز. سەنئەت نومۇرلىرىڭلارنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىمىز.» دوكتور باتا ئەپەندى بىز پاكىستاندىن ئايرىلىش ئالدىدا گىلگىت ۋىلايەتلىك پاكىستان- جۇڭگو دوستلۇق جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئۆتكۈزگەن زىياپەتتە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ دۆلىتىمىزدە ئورۇنلىغان سەنئەت نومۇرىڭلار ئىنتايىن ياخشى بولدى. پاكىستان خەلقى ئالقىشلىدى. پاكىستان ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى پاكىستانلىقلاردىنمۇ ياخشى ئورۇنلىدىڭلار. پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئەگەر بىلىم جۇڭگودا بولسىمۇ، ئۇنى ئۆگىنىش كېرەك» دېگەن سۆزى بار. سىلەرنىڭ ئويۇنىڭلارنى كۆرۈپ، پاكىستان سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن جۇڭگولاردىن ئۆگەنسەك بولىدىكەن دەپ ھېس قىلدىم.»

ئۆمىكىمىز ئويۇن قويۇۋاتقان كۈنلەردە پاكىستان گېزىتلىرى 130 پارچە رەسىم، 30 نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىپ بىزنىڭ كۈندىلىك زىيارەت قىلىش ۋە ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىمىزنى تەشۋىق قىلدى. «مۇسۇلمان» گېزىتى ئۆز خەۋىرىدە: «جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى شىنجاڭدىن كەلدى. شىنجاڭ ناخشا - مۇزىكا مەركىزى. ئارتىسلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانىكەن. ئايال ئارتىسلارمۇ سەھنىدە نومۇر كۆرسەتتى. ئۇلار ناخشا - ئۇسسۇللارنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلايدىكەن، چىرايلىق بىر قىزچاق غىجەك چالدى. بەك ياخشى چالدى. مۇھەممەد داۋۇت بىلەن مەريەم ناسىر ئورۇنلىغان لەيلىنىڭ مەجنۇننى تاماشىبىنلار چۈشەندى... يىگىت قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلالمايدۇ، قىز يىگىتكە: ئەمگەك سۆيۈپ ئىشچان بولۇشنى، مول ھوسۇل ئالغاندا توي قىلىشقا قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى» دەپ يازدى. «ئالدىنقى بۇس» گېزىتى باسقان ئۇزۇن بىر خەۋىرىدە:

«جۇڭگو سەنئەت ئۆمىكى دۆلىتىمىزدە ئويۇن قويۇپ، خەلقىمىزنىڭ چىن قەلبىدىن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولدى. جۇڭگو دېگەن ئىسىم ئاتالغاندا، خەلقىمىزنىڭ چىن يۈرىكىدىكى قىزغىنلىق ۋە دوستلۇق ئۇرغۇپ چىقىدۇ» دەپ يازدى. ھەقىقەتەنمۇ بىز بارغانلا جايلاردا مەيلى ئەمەلدار بولسۇن ياكى ئاددىي پۇقرا بولسۇن ھەممىلا كىشى بىزنى ئىللىق چىراي، قىزغىن كەيپىيات بىلەن قارشى ئالدى. مېھمانخانىلارنىڭ كۈتكۈچىلىرى، ماگىزىنلارنىڭ پىرىكازچىكلىرىدىن تارتىپ ئۇلار بىزنىڭ جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمىزنى، مۇسۇلمان ئىكەنلىكىمىزنى بىلگەن ھامان، ئۆمىكىمىزدىكى ئەرلەر بىلەن «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دەپ قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى (پاكىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن ئەرلەر ئاياللار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەيدىكەن) ۋە ياكى جۇڭگو خەلقى پاكىستاننىڭ دوستى دېگەننى بىلدۈرىدىغان ئىشارەتلەر بىلەن ئۆز كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلىشتى. قويغان ئويۇنلىرىمىزنى كۆرگەندە قىزغىن چاۋاك چېلىپ ياكى باشمالتىقىنى چىقىرىپ مەدھىيىلىدى. بولۇپمۇ مۇھەممەد داۋۇت بىلەن مەريەم ناسىر ئورۇنلىغان لەپەر «بادام دوپپا»، خەلچەم سىدىق ئورۇنلىغان يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل «تەزە» ۋە «دولان سەنىمى»، مەريەم ناسىر باشلاپ ئوينىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل «قەشقەر سەنىمى»، گۈلباھار سىدىق باشلاپ ئورۇنلىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل «پىلە باققۇچى قىز» ۋە ناخشىچىلىرىمىز ئېيتقان ناخشىلار بولۇپمۇ ئۇلار ئېيتقان پاكىستانچە ناخشىلار ئىنتايىن قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. ھەر بىر نومۇر ئورۇنلانغاندا پۈتۈن زال گۈلدۈراس چاۋاك ساداسىغا تولۇپ، شۇ بىر كېچىلىك ئويۇن داۋامىدا كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان قىزغىن كەيپىيات مەيدانغا كەلدى.

ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز كەچتە ئويۇن قويۇپ، كۈندۈزى ۋاقىت چىقىرىپ پاكىستان دۆلەتلىك مۇزېي ۋە دۆلەتلىك گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسىنى، ئاتاقلىق لاھور باغچىسى، پېشاۋۇر ئۇنىۋېرسىتېتىنى ۋە چوڭ مەدرىسەلەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلدۇق. پاكىستان مول مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىغا ئىگە دۆلەت بولۇپ، پاكىستان خەلقى ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ ۋە قەدىرلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئەتىۋالاپ ساقلايدىكەن. تارىختا ئۆتكەن ئاتاقلىق ناخشىچى، رەسسام، ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلار، خەتتاتلار، نەققاشلارنى مۇزېيلاردا، كۆرگەزمىخانىلاردا تەشۋىق قىلىدىكەن ۋە خاتىرىلەيدىكەن. ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇلاردا ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى سۆيۈپ ئاڭلايدىكەن. پاكىستان خەلقى ئۆز دۆلىتىدە ئىشلەنگەن بىر نەچچىلا كىنو فىلىمىنى كۆرگەنىنىڭ سىرتىدا ئاممىۋى مەدەنىيەت - سەنئەت پائالىيىتىنى يولغا قويۇشقا تايىنىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىكەن. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە دۆلەت باشقۇرغان كەسپىي سەنئەت تەشكىلاتلىرى بولمايدىكەن. زورۇر تېپىلغاندا خەلق سەنئەتچىلىرىنى ۋاقىتلىق تەكلىپ قىلىپ، بەزىبىر سەنئەت پائالىيەتلىرىنى، دىپلوماتىك پائالىيەتلەرنى ئورۇنلايدىكەن. بىزنى قارشى ئېلىپ ئۆتكۈزگەن دۆلەت ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك زىياپەت سورۇنلىرىدىمۇ خەلق سەنئەتچىلىرى تەكلىپ قىلىنىپ سەنئەت نومۇرلىرى ئورۇنلاندى، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرى بەكمۇ مۇڭلۇق ۋە يېقىملىق بولۇپ، ئۇسسۇللىرى رىتىملىق ۋە نەپىس ئوينىلىدىكەن. دۆلەت ئاممىۋى مەدەنىيەتنى ئامما باشقۇرۇش شەكلىدە يولغا قويغان بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزلىرى ناخشا ئېيتىپ ئۆزلىرى ئۇسسۇل ئويناپ، مەنىۋى ئوزۇق ئېلىشى ئۈچۈن ھەر خىل شەرت - شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىدىكەن. پاكىستان جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىچىدە بىر قەدەر تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولسىمۇ خەلقىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسى ئانچە باياشات ئەمەس بولۇپ، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكلىرىدىن بۇنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدىكەن. زامانىۋى، ھەيۋەتلىك بىنالارمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس، ھۆكۈمەت قۇرغان مەدەنىيەت ئەسلىھەلىرىمۇ ئاز بولۇپ، لاھوردا بىر زامانىۋى تىياتىرخانا بار ئىكەن. راۋالپىندى ۋە پېشاۋۇرلاردا تىياتىرخانىمۇ يوق بولغاچقا يازلىق كۇلۇبتا ئويۇن قويدۇق. پاكىستان ئىسلام دۆلىتى بولغانلىقىدىن نۇرغۇن ئىشلار ئىسلام دىنى يول قويغان

شارائىتتا ئېلىپ بېرىلغاچقا، بىر مۇنچە ئىشلاردا دىننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىكەن. بولۇپمۇ ئاياللار تېگىشلىك ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولالمايدىكەن.

بىز گىلگىتقا كەلگەندە دۆلىتىمىزنىڭ جۇڭگو - پاكىستان تاشيولىنى ياساشتا قۇربان بولغان ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىستانلىقىنى زىيارەت قىلىپ گۈلچەمبىرەك قويدۇق.

پاكىستاننىڭ گىلگىت دېگەن تاغلىق كەنتىدىكى ئىش بەكمۇ تەسىرلىك بولدى. 23 - ئۆكتەبىر كۈنى كەچقۇرۇناۋقى بىز ئۇزۇن تاغ يوللىرىنى بېسىپ بۇ كەنتكە يېتىپ كەلگەنىدۇق. ھاۋا بەك سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئارتىسلىرىمىزمۇ چارچاپ كەتكەنىدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە بۇ كەنتتىكى 300 دەك كىشى بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەنلىكىمىزدىن خەۋەر تېپىپ، 30 - 40 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، بىزنى قارشى ئېلىپ ئويۇن كۆرسىتىش ئۈچۈن بۇ يەرگە يىغىلىپتۇ. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن تەسىرلەندۇق. ئارتىسلىرىمىز ئۇلارغا ئوندەك نومۇر كۆرسەتتى. چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ماشىنىغا بېسىۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەمىن قۇربان بىلەن ئەھەد نىياز ئۇلار چالغان ناغرا - سۇنايلارنى ئېلىپ ئۆز ئاھاڭلىرىمىزغا چالدى. بۇ يەردىكى ئاھالىنىڭ بىر قىسمى تاجىك ئىكەن. ئۇسسۇلچىلىرىمىز تاجىكچە ئۇسسۇل ئويىنىغانىدى، مەيداندىكى خەلق سەنئەتچىلىرى خۇشاللىقىنى باسالماي ئۇسسۇلغا چۈشۈپ ناخشا ئېيتىپ كەتتى ۋە ھاياجان بىلەن ئارقا - ئارقىدىن: «ياشىسۇن پاكىستان - جۇڭگو دوستلۇقى» دەپ توۋلاشتى. گەرچە ھاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە قىزغىن، كۆڭۈللۈك دوستلۇق مەنزىرىسى بارلىققا كېلىپ ھەممىلا ئادەم دوستلۇق مېھرىنىڭ يالقۇنىغا چۆمۈلگەنىدى.

بىز پاكىستان خەلقىنىڭ جۇڭگو خەلقىگە جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئېلىپ شىنجاڭغا قايتىپ كەلگەن بولساقمۇ، لېكىن قۇلىقىمىزدا پاكىستانلىقلارنىڭ «ياشىسۇن پاكىستان - جۇڭگو دوستلۇقى» دېگەن جاراڭلىق شوئار ساداسى ياڭراۋاتقاندەك ھېس قىلىۋاتىمىز.

1986 - يىل دېكابىر، ئۈرۈمچى.

مەسئۇل مۇھەررىرى: سائادەت ئابلەت

---

(بېشى 79 - بەتتە)

يىگىتكە يېقىپ قالسا، قىزغا توي قىلىش تەلىپىنى قويىدۇ. ياقمىسا يىگىت چىرايلىق سۆزلەر بىلەن كەشنىنى قايتۇرۇۋالىدۇ.


## تېپىشماقلىق توي

گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ فاڭچېڭ ۋىلايىتىدىكى ياۋزۇلار ئارىسىدا قىز-يىگىت بىربىرىنى ياقتۇرۇپ قالسا ۋەدىلىشىپ ھەر ئىككىسى ئۆيىگە كېتىپ ياغاچ كەش ياسايدۇ ۋە ئەتىسى كۆرۈشكەندە ياغاچ كەشلىرىنى جۈپلەشتۈرىدۇ. ئەگەر ياغاچ كەشلەر بىر جۈپ چىقسا ئۇلار توي قىلىدۇ، كەشنىڭ ھەر ئىككىسى يەككىپاي چىقىپ قالسا تويلىشىشقا بولمايدۇ. بۇ «تېپىشماقلىق تويى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«ئائىلە تەرەپلىرى» ژۇرنىلىدىن:
ئەھمەدجان بائىزى تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: رىسالەت مۇھەممەد





# تويلىشىشتىكى قىزىقارلىق ھېكايىلەر

## «قىزىل تۇخۇم» ئارقىلىق تويلىشىش

غەربىي گېرمانىيە يېزىلىرىدا يىگىت بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالسا، ئايدىڭ كېچىدە قىز ياتقان ھۇجرىنىڭ دېرىزىسى يېنىغا كېلىپ، قىزغىن ھېسسىيات بىلەن دېرىزىنى ئاستا چېكىپ قىزنىڭ چىرايلىق نامىنى توختىماي چاقىرىدۇ. قىز چىن قەلبىدىن تەسىرلەنسە، دېرىزىنى قىيا ئېچىپ، بىر دانە «قىزىل تۇخۇم» سۇنۇپ بېرىدۇ. بۇ تۇخۇم قىزنىڭ ھاياجانلانغان قەلبىنى ۋە پاك مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇبادا دېرىزە ئېچىلمىسا قىزنىڭ يىگىتنىڭ تەلىپىنى ماقۇل كۆرمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

## سىگار تاماكا ئارقىلىق تويلىشىش

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ شىمالىدىكى سۇرىنام دىكى ئىندىئانلار ئارىسىدا يىگىت بىرەر قىزنى ياقتۇرۇپ قالغاندا ئەھۋالنى ئاتا-ئانىسىغا ئېيتىدۇ. ئاتىسى خەيرلىك بىر كۈننى تاللاپ، ئېسىل سىگار ئېلىپ، قىزنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇدا چۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزنىڭ ئاتىسى سىگارنى قوبۇل قىلسا تويلىشىشقا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## باغاق ئارقىلىق تويلىشىش

گېرمانىيىنىڭ شەھەر، بازارلىرىدا، قىز بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ئېلان چىقارغانغا ئوخشاش چاي ئىچۈرۈشنىڭ شەرتلىرىنى باغاقنىڭ سول تەرىپىگە يېزىپ، دوست-يارانلىرى ۋە تونۇش كىشىلەرگە ئەۋەتىدۇ. ئەگەر يىگىت تەرەپ قىزنىڭ شەرتىنى ماقۇل كۆرسە، باغاقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئاق جايغا ئۆز شەرتىنى يازىدۇ ئاندىن گۈلدەستە تەييارلاپ باغاقنى ئېلىپ قىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارىدۇ. قىز-يىگىت ھەر ئىككى تەرەپ تويلىشىشقا قوشۇلسا ئۆز ئارا چاي ئىچۈرۈش ئۆزۈكى ئالماشتۇرىدۇ.

## «ئاياغ ئوغرىلاش» ئارقىلىق تويلىشىش

شىزاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىكى زاڭزۇ يىگىت-قىزلىرى ئارىسىدا غەلىتە بىرخىل نىكاھ ئادىتى ساقلانغان. ئۇ بولسىمۇ، قىز بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا ئۇنىڭ كەشىنى ئوغرىلىۋېلىپ يوشۇرۇپ قويىدۇ. ئەگەر قىز

(ئاخىرى 78 – بەتتە)

# ئۆرۈپ-ئادەتلەر




### بىللە ئۆتەيلى

داۋان ئېشىپ، تاغلار ئېشىپ مەلەمگە كەپسىز.
دېمەيدىغان گەپلەر ئىدى، ھەر كىمگە دەپسىز.

قۇدرىتىڭىز يېتەمدىكىن ھازىر قاچقىلى.
چىدارمىكىن ئورۇق ئاتلار داۋان ئاشقىلى.

چىدىمىسا ئاتلار قالسۇن، مىڭىپ كېتەيلى.
يامانلارنىڭ كۆز ئالدىدىن يىراق يۈتەيلى.

### يىگىت

ئاققىنە پۈشماق يىگىت، قاشلىرى قوشماق يىگىت.
بارچە سۆلەت سەندىكەن، سۆزلىرى چاقماق يىگىت.

كۆزلىرى زەم - زەم بۇلاق، مىنگىنى تولپار ئۇلاق،
ئەپتى خۇپ ئىللىق ئىكەن، يۈرىكى قايناق يىگىت.

### بىر يەردە بولساق

كىشى كۆيمەس بۇ ئالەمدە ماڭا ئوخشاش،
چىرايلىقلار يەنە يوقتۇر ساڭا ئوخشاش.

قىزىلگۈلدەك ئېچىلىپتۇ چىرايىڭ سېنىڭ،
سامان يەڭلىغ سېرىق بولدى سىياقىم مېنىڭ.

سېنى ئاندا، مېنى مۇندا ياراتقانىكەن،
ئارىمىزدا تولا دۈشمەن تاراتقانىكەن.

يا خۇدايىم دۈشمەنلەردىن قۇتۇلسا كىشى،
ئالەمدەك ئېگىلىپ پىشىپ تۆكۈلسە كىشى.

خۇدايىمدىن تىلىكىم شۇ ھەر مىنۇت - ھەر ۋاق،
ئۆلگىچە بىز بىللە بولساق - بىر يەردە بولساق.

### يار - يار

ئەمەن بىلەن بوز بۇغا بويلىشاركەن يار - يار.
يۇسۇپ بىلەن زۇلەيخا تويلىشاركەن يار - يار.

قولدا قوشقار ساقلىسا قوي بولاركەن يار - يار.
ئۆيدە قىزنى ساقلىسا توي بولاركەن يار - يار.

### كىشىنىڭ يارى

دورا دەيدۇ، دورا دەيدۇ قىچىنىڭ ياغىنى.
ئەقلى بارلار سۆيمەس ھەرگىز كىشىنىڭ يارىنى.

كىشىنىڭ يارى يار بولامدۇ، ئەلدىن ئاشقىنى.
مېنىڭ يارىم مېنى سۆيدى، سۆيمەس باشقىنى.

### قانداق ئۇنۇتاي

ئىشىك ئالدى شاخ - شاخ چىنار، شاخىنى يۇتاي.
يار ئېغىزىدا چايىنى بەرسە ھەسەل دەپ يۇتاي.

بەرنى يۇتاي، ئىككىنى يۇتاي، كۆڭلۈمدە تۇتاي،
يامان كۈندە تۇتقان يارنى قانداق ئۇنۇتاي.

### ئۇتىڭىز


ئېرىق ئۈستىدىكى ئۈستەك، ئاتلاپ ئۆتمەك تەس بولدى
دوست - دۈشمەننىڭ ئالدىدا يارنى سۆيمەك تەس بولدى.

گۈل بۇنداق ئەمەس ئىدى، ھوقۇش قونۇپ غازاڭ قىلدى.
مەن مۇنداق ئەمەس ئىدىم، يار ئوتى ساراڭ قىلدى.

توپلاپ رەتلىگۈچى: تۇرسۇن زېرىدىن، نىياز نۇرى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت


خەلق ئېغىزىدە بېيىتلاردىن



چەت ئەللىك ئالىم ۋە تەتقىقاتچىلار مەھمۇد قەشقەرى مازىرىدا

مۇھەممەد تۇرسۇن فوتوسى



مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسى
مەقبەرە يېنىدىكى «نورۇز بۇلاق» ۋە
«هاي - هاي» تېرەك.
مۇھەممەد تۇرسۇن فوتوسى

新疆文化（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيتى»
36 - يىل نەشرى 1987 - يىل 3 - سان (قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

«شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 361

ئاق ئايلانىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ